
# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

# 3



جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

## (3)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

赠阅
请交换

1985 - يىل 8 - ئاي

## مۇندەرىجە


يۈي شۇسۇڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتـ
لىرى .................... چەيِ جىسىن 1
شىنجاڭ هازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ
پېشۋاسى ــ پىروفېسسور تۇجىژ ... چىڭ جىژۋېي 29
ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە قورشاپ هۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالـ
دى ـ كەينى ........................ ليۇ دېخې 73
ئۈرۈمچىدىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئەۋەتىلگەن كەسـ
پىي خادىملار .................. چەي خىڭسېن 85
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تىببى ئۇگىنىشتىن ئەسلىمە ...
.................... رېن گىۈيفاڭ، جېن شۇفاڭ 107
ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى ...... 119

# يۋي شۇسۇ ڭنىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئىنقىلاۋي پائالىيەتلىرى

چەي جىسىن

## 1. يۋي شۇسۇ ڭنىڭ ئۆرۈمچىگە كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى قىسقىچە تەرجىمىھالى

يۋي شۇسۇڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە
ئىسمىنى ۋاڭشۇچېڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ 1899 - يىلى
جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇجى ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1916 - يىلى جېجياڭ
ئۆلكىلىك 1 - سىفەنگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1919 -
يىلى «4 - ماي» ياشلار ھەركىتىگە قاتنىشىپ، ئىلغار
ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە خاڭجۇدىكى ئوقۇغۇچىلار
ھەركىتىگە ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلغان. «4 - ماي» ھەركىتى-
دىن كېيىن، «جېجياڭ يېڭى دولقۇنى» ژورنىلىنى تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن نەشر قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى
ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغانلىقتىن شىمالىي
مىلىتارىستلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ھەمدە بېيجىڭ-
غا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇش

كۆپىنچىسى روسچىنى بىلمەيتتى. سوۋيت ئىتتىپاقى پارتىيە تەشكىلى تەرجىمانلىقتا ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن روس تىلىدا بىۋاستە دەرس ئاڭلىيالايدىغان يۈي شۇشۇڭ، رۇڭ يىشياڭ، ۋاڭ مىڭ قاتارلىق 10 نەچچىسىنى تاللاپ تېزپۇتتۇرۇش سىنىپى ئاچىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىكى ۋەكىلى ۋاڭ مىڭ ئىنتېرناتسىئونال شەرقىي بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، لىنىن بىۋاستە رەھبەرلىك قىلاتتى. لىنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دىمىتروۋ مەسئۇل بولغان. يۈي شۇشۇڭ ئوقۇشقا كىرىشتىن بۇرۇن، ۋاڭمىڭ شەرقىي بۆلۈمدىكى بىر كاتىپنىڭ تەرجىمانى ئىدى. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ۋاڭ مىڭ بەك كۆرەڭلەپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن ساۋاقداشلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. يۈي شۇشۇڭ ۋاڭ مىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىدۇ، بىراق ئەكسىچە ۋاڭ مىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ، 1927 - يىلى يۈي شۇشۇڭ لىنىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەندىن كېيىن، ۋاڭ مىڭ، يۈي شۇشۇڭغا جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە «جىيجاڭلىق يۇرتداشلار جەمئىيىتى» نى تەشكىللەپ، پارتىيىگە، ئىنقىلابقا قارشى ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارغان دېگەن تۆھمەتنى چاپلايدۇ. 1928 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەپتىش كومىتېتى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەپتىش كومىتېتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك

هاياتىنى باشلىغان. كېيىن يەنە شاڭخەيگە بېرىپ ئىشچى-
لار ھەركىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە چەتئەل تىلى ئىلمى
جەمىيىتىدە كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ روس تىلىنى
كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. 1920 - يىلى چېن ۋاڭداۋ قاتار-
لىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنى تەشەببۇس قىلىش شاڭخەي گۇرۇپپىسىغا قات-
نىشىپ شۇ يىلى 8 - ئايدا شاڭخەي سوتسىيالىستىك ياش-
لار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىلىغىغا تەيىنلەنگەن. 1921 - يىلى
كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، ياش-
لار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ موسكۋادا چاقىرغان
2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، 1 - نۆۋەتلىك ئىت-
تىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىكىگە
سايلانغان. 1922 - يىلى 5 - ئايدا گۇاڭجۇدا ئېچىلغان
جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك
1 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ھەمدە شۇ يىلى 10 - ئايدا
سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىكىدىكى شىمالغا يۈرۈش
قىلىش ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، چېن جۇڭمىڭنىڭ ئاسىيلىقىغا
قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان ھەمدە شەرقىي يول قاراقچى-
لارغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئارمىيىسى باش قوماندانلىق
ئىشتابى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك
شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1925 - يىلى 11 - ئايدا
موسكۋا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارغان. ئۇ
چاغدا بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئومۇمىيغىنىدىن پارتىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ، ئەينى ۋاقىت-تىكى شىنجاڭنىڭ سىياسى ئىشلىرىنى يولغا قويۇش پىروگرام-مىسى «6 بۈيۈك سىياسەت»نىڭ شەكىللىنىشىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ ھەمدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىڭشىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىكسەپ تۈزۈشى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس يارىتىدۇ. 1937- يىلى شىڭشىسەي، سىڭلىسى شىڭشىتۇڭ بىلەن يۈي شۇسۇڭنىڭ توي ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ، يۈي شۇسۇڭنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن سادىق خىزمەت قىلدۇرۇش غەرىزىدە بولىدۇ. بىراق يۈي شۇسۇڭنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسى مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شىڭشىتۇڭ ئىنقىلاپ داۋلىلىرىنى تەدرىجى چۈشى-نىپ، يۈي شۇسۇڭنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال ياردەم بېرىدۇ ۋە قوللايدۇ. بۇ ھال شىڭشىسەينى تەشۋىشكە سالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەسەتخورلىغى، ئۆچمەنلىگىنى قوزغايدۇ. شۇ يىلى 12 - ئايدا ۋاڭمىڭ بىلەن كاڭشىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنئەنگە قايتىش يولىدا ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە، يۈي شۇسۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، 2 - قېتىم ئۇنىڭغا «تىروتىسكىچى» دەپ توھمەت چاپلايدۇ ھەمدە شۇئان شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. يۈي شۇسۇڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، شىڭشىتۇڭ ئۇنى يوقلاپ تۈرمىگە بارغاندا يۈي شۇسۇڭ ئۇنىڭغا: «ئىنقىلاپچىلار ئۆز بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمايدۇ،

پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىگى بولۇپ، 3 تەرەپتىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىشىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. 1931 - يىلى 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك 4 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندا يۇي شۇسۇڭ ۋاڭمىڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمىلىيىتىدىن ئايرىلغان سولچىل جىخۇيجۇيى لۇشيەنگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ۋاڭ مىڭ مەزھەپچىلىك گۇرۇھى «مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىگە قارشى تۇردى» دېگەن جىنايەت بىلەن يۇي شۇسۇڭغا «تىروتسكىچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، 1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى خاباروۋسكىغا خىزمەتكە ئەۋەتىدۇ. 1935 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يۇي شۇسۇڭ قاتارلىق 25 نەپەر يولداشنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. شىڭ شىسەي «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان دوستلۇق»نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يۇي شۇسۇڭنى، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يەنجاڭى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەيدۇ، يۇي شۇسۇڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، نۇتۇق سۆزلەش ۋە گېزىت - ژورناللار ئارقىلىق ماركسىزىم ئىدىيىسىنى تارقىتىدۇ. پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ،

يىغىنىدىن كېيىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىسىل ئەنئەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى قايتىدىن تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. خەلق ئۇلارنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ ۋە ئىززەت - ئىھتىرام بىلە-دۈرىدۇ. ئىنقىلاۋىي قۇربان يېڭى شۇسۇڭنىڭ ئايىلى ئۆز ئىسمىنى خېلى بۇرۇنلا ئەن جىرجى دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ-لار توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېڭى شۇسۇڭ تۇتقۇن قىلىن-غانلىقتىن ئۇلارنىڭ پەرزەنتىمۇ بولمىغان. ئۇ، ئىنقىلاۋىي قۇربانىنى ئەسلەش يۈزىسىدىن يولداش يېڭى شۇسۇڭنىڭ ئىنىسى يېڭى شۇساڭغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن. ھازىر شاڭ-خەيدە تۇرۇۋاتىدۇ.

## 2. يېڭى شۇسۇڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلاۋىي ئىش پائالىيەتلىرى

30 - يىللارنىڭ باشلىرى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى نا-ھايىتى قالايمىقانچىلىق ھالىتىدە تۇراتتى. 1933 - يىلى ئۆلكە مەركىزى دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا «12 - ئاپرېل» سى-ياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ئۆز بېشىنى ئې-لىپ ئۈرۈمچىدىن چىقىپ كەتتى، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مېۋىسىنى شەرقىي يول قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ باش قو-ماندانى شېڭ شىسەي ئىگىلىۋالدى. شېڭ شىسەي شىن-جاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا

ئىنقىلاپچىلارنى قىرىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئىنقىلاپ يولىدا قۇربان بولۇش شەرەپلىك» دەيدۇ. 1938 - يىلى 6 - ئايدا يۈي شۇسۇڭنى يالاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ ماڭ- غاندا ئايرۇدۇرۇمدا ئۇ ئايىلى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئۇنىڭ- غا: «سىز چىڭ تۇرۇڭ، ھەرگىز تىز پۈكمەڭ، پارتىيىگە، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرى بىر كۈن چوقۇم غەلىبە قىلىشىغا ئىشىنىڭ» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. كېيىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەكسىلئىنقىلاپچى- لارنى تازىلاش ھەركىتى كېڭەيتىۋېتىلگەنلىك تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. شۇ يىلى ئۇ 39 ياشلاردا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يۈي شۇسۇڭغا ئوخشاش جىنايەت نامى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دۇڭ يىشاڭنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى 1959 - يىلىلا بۇ ھەقتە ئەرز تۇتقانلىقتىن، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى ھەربىي ئىشلار سودى» ئۇلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈر- گەن. 1962 - يىلى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يۈي شۇسۇڭنىڭ ئائىلە تەۋەسىگە «ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش شەرەپ گۇۋاھنامىسى»نى بەرگەن بولسىمۇ، بى- راق كاڭ شېڭنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە قالتىس تۆھپىلەر قوشقان بۇ ئىنقىلاۋىي قۇرباننىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە نامى يەنىلا ئۇچۇپ كەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي

روسچه مەخسۇس سياسى ـ قانۇن مەكتۋىگە ئۆزگەرتـ
كەن ئىدى. 1928 ـ يىلى ئۆرۆمچىدە «7 ـ ئىيول» ۋەقەسى
يۈز بېرىپ، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. شىنجاڭغا
جىن شۇرېن خوجا بولۇپ، روسچه مەخسۇس سياسى ـ قا-
نۇن مەكتۋىنى، روسچه سياسى ـ قانۇن دارىلفۇنۇنىغا
ئۆزگەرتىپ، ليۇگۇاڭخەننى يۈەنجاڭلىققا تەيىنلىدى. شېڭ
شىسەي 1933 ـ يىلى تەختكە چىقىپ 1935 ـ يىلىغا كەلگەندە
مەكتەپنىڭ نامىنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئۆزگەرتىپ، ئىلـ
گىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن دۆلەت ئىچى
ۋە چەتئەللەردە ئالى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ھەمدە بەلگىلىك
ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى
تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن، خې يۈيجۇنى شىنجاڭ دارىلـ
فۇنۇنىنىڭ يۈەنجاڭى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپـ
نىڭ مۇدىرى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما دائىـ
مى ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋېييۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن ئىـ
دى. يۈي شۇسۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، خې يۈيـ
جۇنى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، ئۈزۈن
ئۆتمەيلا تارباغاتاي رايونى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقـ
لىقىغا يۆتكەپ، يۈي شۇسۇڭنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ
يۈەنجاڭى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرـ
لىقىغا تەيىنلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىرـ
لىككە قارشى باش ئۇيۇشمىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، داـ
ئىمى ئىشلار كومىتېت ۋېييۈەنجاڭلىق تەشكىلىي تۈزۈلمىسـ

ئېلىنىۋالغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى تۈراقلاندۇرۇپ ھاكىمـ
يەت ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىـ
لەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلـ
دۈردى ھەمدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كۈچىدىن پايـ
دىلىنىپ ماجۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەن قاتارلىقلارنى مەغلۇپ
قىلىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە ئۇ، سوۋېت
ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىن شىنجاڭدا
خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.
يۈي شىۇسۇڭ، مانا شۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا،
شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەر-
كىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مۇھىم خادىملارنىڭ
بىرسى. ئۇ 1935 - يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن،
شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە جاھانـ
گىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتـ
چىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىنـ
قىلاۋىي جاسارىتىنى ۋە مول خىزمەت نەتىجىسىنى نامايەن
قىلدى.

(1) ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا تىرىشىپ
ئەجىر سىڭدۈردى.

مىلادىنىڭ 1906 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭـ
شۈي 32 - يىلى) شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى چاررۇسىيە
بىلەن بولغان تاشقى ئىشلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن،
ئۈرۈمچىدە رۇسچە مەكتەپ ئاچقان ھەمدە كېيىنچە ئۇنى

كىللىرىنى قوللاندى. بەزىدە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار سوئال سوراپ، ئوقۇتقۇچىلار بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ئومۇملاشتۇرۇپ جاۋاپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ خىل يېڭىچە ئوقۇتۇش مېتودى، بۇرۇنقى ئۆدەك بورداشقا ئوخشاش ئوقۇتۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىنى يېتىشتۈرۈش، تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە چۈشىنىش جەھەتلەردە زور رول ئوينىدى. مەكتەپ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مەكتەپتە ئەسلىدە بار بولغان ياتاقلار ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، يۈي شۇسۇڭ مەكتەپنىڭ غەربىي تەرىپىگە يېڭىدىن 5 كورپۇس ئۆينى لايىھىلەپ سالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى ئىلمىي مۇدىر گوفۇدىڭ، تەرتىپ مۇدىرى تۇڭ گۋاڭيۈەن، خوجىلىق مۇدىرى جەن جارۇلار باشقۇردى. يېڭى ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان 1 - سائەتلىك دەرس «ئىنقىلاۋىي كىشىلىك دۇنيا قاراشنى تىكلەش» مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنى مەكتەپ مۇدىرى يۈي شۇسۇڭ شەخسەن ئۆزى ئۆتەتتى ھەمدە ئىنقىلاپنى 1 - ئورۇنغا قويۇش ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمى تەلىم بېرەتتى. ئۇ يەنە، ئەپيۈن ئۇرۇشىدا جۇڭگونىڭ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن تارتىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زەئىپلىشىشى،

نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆيۈشما باشلىقلىغىنى شىڭ شىسەي ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، يۈي شۇسۇگىنى باش كاتىپلىققا تەيىن- لىدى. يۈي شۇسۇڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مەك- تەپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەسپىي پاكولتېت، بۆلۈم- لەرنى تەڭشەپ، ئوقۇتۇش مېتودىنى ياخشىلىدى. ئۇ چاغدا مەكتەپتە ئاساسلىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلاردىن: كاتىپ ۋۇيى- مىن، ئىلمىي بۆلۈم مۇدىرى ليۇفۇۋۇ، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى مۇدىرى لى خەنيەن، خوجىلىق مۇدىرى جاڭ لياڭلار بار ئىدى. ئەسلىدە سىياسى - ئىقتىسات پاكولتېتىنى ئىبارەت بىرلا كەسىپ بولۇپ، كېيىن مائارىپ ۋە تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتى كۆپەيتىلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، چېن پېيشىڭنى سىياسەتشۇناسلىق، ليۇفۇۋۇنى ئىقتىساتشۇ- ناسلىق، فۇشىرۇنى جەمىيەتشۇناسلىق، بيەن شېڭچىڭنى جەمىيەت تەدرىجى تەرەققىيات تارىخى، ۋەن شەنتىڭنى خەلقارا ئېقىم مەسىلىلىرى، لىن شۆرۇنى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى، لى ۋېيفاڭنى پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، گۇۋەن چىڭچەن، زۇنەيجۇ، لى رۇتۇڭلارنى روسچە، سۇن چىڭجاۋنى ماتېماتىكا، ۋاڭ لىشىنى فىزىكا، يۈي جۇشياڭنى خىمىيە دەرسىنى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. يۈي شۇسۇڭنىڭ ئۆزى سى- ياسى ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە مىللى مەسىلە نەزەرىيىسى دەرسىنى ئۆتتى. تەبىئى پەننى سىنىپتا ئۆتۈش، ئىجتىمائى پەنلەردە كۆپرەك چوڭ دەرس ئۆتۈش، ئوقۇغۇچىلار كونسى- پېكت يېزىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇھاكىمە قىلىنىش شە-

ئىنقىلاپ، ئۆگىنىش ۋە ئىنقىلاۋىي ئائىلەقۇرۇشنى كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ خوشاللىق دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ، دۇندىن باشقا مەسىلەن: «شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ مەغلۇبىيتى ۋە ساۋاقلىرى»، «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى»، «ياشلارنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىدە زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مۇكەممەل، كۆز قاراشلىرى توغرا بولۇپ ئاساسىي مەزمۇننى چۆرىدىگەن ھالدا تېپىزلىكتىن بارغانچە چوڭقۇرلاپ مول دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلاتتى. گەرچە ئۇنىڭ جېجياڭ تەلەپپۇزى نىسبەتەن ئېغىر بولسىمۇ بىراق دەرس ئۆتۈش سەنئىتى ئىنتايىن يۇقۇرى، دەرسى مەزمۇنغا باي بولغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار زوق - ئىشتىياق بىلەن تىڭشايتتى، ساۋاقداشلار، قىيتىقىنىپ ئۆگىنىپ ئالغا ئىنتىلىش ئىجتىھات بىلەن ئىزلىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى.

يۈيشۇسۇڭ ياش ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيۋى ئەمىلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ۋاقتىدا تەربىيە ئېلىپ باراتتى. مەسىلەن: ئۇچاغلاردا بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تامىغى مەكتەپتە ئىدى. 2 ئوقۇغۇچى بىرياتاقتا ياتاتتى. قىشتا ياتاقلارغا مەش قويۇپ كۈنىگە بىر زەمبىلدىن كۆمۈر تارقىتىپ بېرەتتى. بىر كۈنى 11 - سىنىپنىڭ ئايرىم ئوقۇغۇچىلىرى ئاۋام ھەيئىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزمەيلا بىر زەمبىل كۆمۈر ئالىدۇ. يۈشۇسۇڭ

شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقى، مەم-
لىكەت ئىچىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشى،
جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگى-
لىغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن تەتۈر يولغا ماڭغانلىقىغا
قەدەر بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتەتتى. ئۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلا-
ۋىي غەلىبىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، ياش
ئەۋلاتلار ئۆز زىممىسىگە ئالغان جاھانگىرلىككە، فېئودا-
لىزىمغا قارشى تۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتەك جاپا -
مۇشەققەتلىك ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىپ مۇنداق
دېگەن ئىدى: بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
بىرىنچىدىن، ھەر بىر ياش ئالدى بىلەن ئىنقىلاپنى چوقۇم
1 - ئورۇنغا قويۇشى، «بايلىق ۋە مەرتىۋە ئالدىدا يول-
دىن ئازمايدىغان، ھەرقانداق كۈچ ئالدىدا تىزپۈكمەيدىغان،
يوقسۇزلۇق ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان» ئىنقىلاۋىي ئىرادىگە
ئىگە بولۇشى لازىم. ئىككىنچىدىن، ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە
بولۇش لازىم. ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
بىلىمنى پۇختا ئىگەللەش، ئىنقىلاپ قىلىش قابىلىيىتىنى
ئىگەللەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇھەببەت، تۇرمۇشلۇق بولۇش
3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. توغرا مۇھەببەت كۆز قارىشى بولۇش،
ئوبېكتنى تاللاشتا ئىدىيە، ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئاساسىي
ئورۇنغا قويۇپ ئىنقىلاۋىي ئائىلە قۇرۇش لازىم. توي قىلىش-
تىكى مەقسەت تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، خىزمەت قىلىش،
ئىنقىلاپ قىلىش ۋە ئەۋلات قالدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۇ،

بەدەن چىنىقتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز يۇيۇشقا سۇ ئالغىلى ماڭغاندا ئۇنىڭ مەيداندا چېنىقىۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇراتتى. 1936 - يىلى ئوقۇغۇچىلار تەنھەركەت يىغىنىغا قاتنىشىش ۋاقتىدا، دەرستىن سىرت كوللىكتىپ مەشق ئېلىپ بارغاچقا، جىسمانى كۈچ كۆپ سەرپ قىلىنىپ قوشۇمچە ئوزۇقلۇق بېرىشكە توغرا كەلدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى بۇ ئەھۋالنى مۇدىرغا ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقىنى ياخشىلاپ، سۈت، تۇخۇمنى كۆپەيتىش ھەققىدە خوجىلىق بۆلۈمىگە يوليورۇق بېرىپ، تەنھەركەتچىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. يۈي شۇسۇڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەنلىكتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي زېھنى كۈچىنى ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتاتتى، مۇھىم يىغىنلىرىغا قاتنىشاتتى. بۇندىن تاشقىرى ئۇ يەنە ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىۋى ۋە ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بەرگەنلىكتىن دائىم سىرتقا چىقىشقا توغرا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى نىسبەتەن ئاز بولسىمۇ بىراق ئۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى، مۇئامىلىدە مۇلايىم ۋە چىقىشقاق ئىدى. ئەتىگەنلىكى ۋە كەچقۇرۇنلىرى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالغاندا ئۇلار ئىنتايىن سەمىمى ھالدا «ياخشى

بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، 2-كۈنى دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلاردىن
كىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ كۆمۈر ئالغانلىقىنى بىرمۇ-
بىر سۈرۈشتۈرىدۇ. بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ئارقا - ئارقىدىن
«بىز ئالمىدۇق» دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن يەنە
بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىغاندا، ئۇ: «مەن ئوقۇغۇچىلار ئۈيۈش-
مىسىنىڭ خوجۇلۇق بۆلۈم باشلىقى تۇرسام بۇنىڭغا قانداق-
مۇ جۈرئەت قىلاي» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مۇدىر يوي شۇ-
سۇڭ ئۇنىڭغا: «ياخشىغۇ، بۇندىن كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخ-
شىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ
ئىشنى سىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىڭغا تاپشۇرىمەن، سەن بۇ
ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىسەن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن
يوي شۇسۇڭنىڭ ھەرقانداق كىچىككىنە ئىشلارنىمۇ ئۆتكۈزۈ-
ۋەتمەي ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيە، ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ
بارىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يوي شۇسۇڭ تۇرمۇشتا ئاددى - ساددا، ئىستىلدا ياخ-
شى ئىدى. مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ھەل قىلاتتى. ئۇ
ئۈچىسىغا دائىم بىر قۇر كەرىشناۋاي كاستيوم - بۇرۇلكا
كىيىپ يۈرەتتى. توي قىلغان چاغدا ئۇ، مەكتەپنىڭ غەر-
بىدىكى كورپۇس ئۆيىدىن بىر ئېغىزنى تۇتۇپ ئولتۇردى.
ئۆي سەرەمجانلىرىمۇ ناھايىتى ئاددى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى-
تار، ئۈستەل، ئورۇندۇقلىرى ھەم كەمچىل بولغاچقا، ئوقۇ-
غۇچىلار ئۇنىڭ توينى تەبرىكلەپ كەلگەندە، كۆپچىلىك
ئۆيگە كىرىپ بىر قۇر تەبرىكلىشىپ قايتىپ كېتىشتى. ئۇ

قايسى ئالى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يەتىيازلىق تېرىلغۇ تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سانجى، مىچۈەن، چىتەي، جىمسار، مورى، قۇتۇبى، پۈكاڭ، ماناس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. يۈيشۈسۈڭ باش كاتىپ لىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئەمىلىي خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ باشقۇردى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى پىروگراممىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاشتۇرىدىغان بىر سىياسى تەشكىلات ئىدى. ھۆكۈمەت دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ چوڭ ۋەزىپە — جاھانگىرلىككە، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش؛ پۈتۈن مەملىكەتنى ئازات قىلىش؛ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 8 ماددىلىق خىتاپنامە: مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ دىن ئەركىنلىكىنى ساقلاش؛ يېزا ـ قىشلاقلارغا ياردەم بېرىش؛ مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش؛ مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى ساغلام يۈرگۈزۈش؛ مائارىپنى كېڭەيتىش؛ مۇختارىيەتنى يولغا قويۇش؛ ئەدلىيەنى ياخشىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 3 بۈيۈك ۋەزىپە، 8 ماددىلىق خىتاپنامىدىن مۇكەممەل «6 بۈيۈك سىياسەت»كە قەدەر 3 باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. دەسلەپكى 3 چوڭ سىياسەت — جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش؛ شورالار ئىتتىپاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى) بىلەن دوست بولۇش؛ ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشتىن 5 بۈيۈك سىياسەت — جاھانگىرلىككە

تۇرۇپسىزمۇ مۇدىرا!»، «مۇدىر ياخشىمۇسىز!» دەپ ئەھۋال سورىشاتتى.

(2) شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ ماركسىزم ئىدىيىسىنى سىستېملىق تەشۋىق قىلدى.

1933 - يىلى، شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرى ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش» نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، 1934 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئەزا قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا ھەر قايسى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى، ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى قاتنىششقا بولاتتى، شۇنىڭدەك جەدۋەل تولدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ كوللىكتىپ قاتنىششقا ھەم بولاتتى. ھەر قايسى مەكتەپ ۋە ئىدارىلاردا رايونلۇق ئۇيۇشما ۋە تارماقلىرى، ئادەم سانى ئاز ئورۇنلاردا بىۋاستە قاراشلىق گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۈستى - ئۈستىلەپ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا ئۇچراپ، ئاھالىلەر چېچىلىپ كەتكەن، تىرىكچىلىك قاقاسلىققا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن خاراپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشنى كۈتمەكتە ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر-

قوم ئىتتىپاقلىشىشىمىز كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن چارروسىيە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇردى ھەمدە چارروسىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن تەڭسىز شەرتنامىلار ۋە چارروسىيىنىڭ جۇڭگودىكى پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلىرىنى بىكار قىلىپ، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا غايەت زور ياردەملەرنى بەردى. بىزنىڭ شىنجاڭمۇ يېقىن خوشنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە ئېرىشىشكە باشلىدى، ئىشلەپچىقىرىش بىر قەدەر ئەسلىگە كەلدى، شۇڭا بىز ماركسىزىم نەزىرىيىسىنى ئۆبدان ئۆگىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى: «شىنجاڭدا 14 مىللەت، 4 مىليون نوپۇس بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، بىراق ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، ئېزىشكە ئۇچرىغانلىقتىن، مەيلى ئىقتىسادىي ياكى مەدەنىيەت جەھەتلەردە بولمىسۇن نىسبەتەن قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلمەكتە. بىز جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، مىللەت ئايرىماي، نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلىگىگە قارىماي مىللەتلەرنىڭ بىردەك

قارشى تۇرۇش؛ شورالار ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش؛
ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش؛ خىيانەتچىلىككە
قارشى تۇرۇش؛ تېچلىقنى ساقلاشقىچە، ئۇنىڭدىن تاكى 6
بۈيۈك سىياسەت ـــ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش؛ شورالار
ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش؛ ھەممە مىللەت ھوقۇقتا با-
راۋەر بولۇش؛ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ تېچلىقنى
ساقلاش؛ شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش ئەمىلىيەتتە كوممۇنىست-
لارنىڭ ياردىمى ئاستىدا شەكىللەندى. يۈيشۈسۈڭ تۆرلۈك
يىغىلىشلاردا 6 بۈيۈك سىياسەتنى قانداق قىلىپ كونكرېت
ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە سىستېمىلىق توختىلىپ ئۆتەتتى.
ئۇ، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جاھانگىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
ھەربى كۈچىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە تايىنىپ ۋە تەڭسىز شەرتنا-
مىلاردىن پايدىلىنىپ، سىياسى، ئىقتىسادى، مەدىنىيەتجە-
ھەتلەردە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى، بولۇپمۇ ياپون جا-
ھانگىرلىگى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن باشلاپ شەرقىي
شىمالدىكى 3 ئۆلكىنى بېسىۋېلىپ، شىمالىي جۇڭگودا قور-
چاق ھاكىمىيەت قۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئۆزىنىڭ ئىبلىس
چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش سۈيىقەستىدە بولۇۋاتقانلىقى
ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «ھەر بىر
جۇڭگو گىراژدانى جاھانگىرلىكنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى
باتۇرانە كۈرەش قىلىشى، جاھانگىرلىكنى يوقىتى-
شى لازىم. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، بىزگە نىسبەتەن
باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغان دۆلەتلەر بىلەن چو-

خىمۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئېلىشقا تەيـ
يارلىنىشى كېرەك». بىراق، شىلىڭ شىسەي قوۋۇلۇق ـ شۇمـ
لۇقتا ئۇچىغا چىققان سىياسەتۋاز، نەيرەڭۋاز، تۇتـرۇقـسىز
فېئودال مىلىتارىست ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقى مەقسىدى مۇسـ
تەبىت ھاكىم مۇتلەقلىقنى تىكلەپ، بىر تەرەپكە مۇستەقىل
خوجا بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ تەرەققىپەرۋەرلىك
تونىغا ئورۇنۇۋېلىشى ھەمدە ئۆزىنى «ماركسىزىمچى» دەپ
كۆرسىتىشى، قانات، قۇيرۇغى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن ۋا-
قىتتا ئوينىغان نەيرىڭىدىن ئىبارەت ـ خالاس.
كېيىنكى تارىخىي ئەمەلىيەتلەر شىلىڭ شىسەينىڭ «6
بۈيۈك سىياسەت»نىڭ خائىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.
(3) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدىنىيەت
ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۇلۇغ تۆھپىلەر قوشتى.
1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن
تارتىپ تاكى گۇاڭشۇينىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە، يەرلىك
ھۆكۈمەت يېڭى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمـ
چى، باركۆل، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەردە ھەر
خىل مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىشقا باشلىغان ئىدى، ياڭ
زىڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىن كېيىن ھەر قايسى ناھىـ
يىلەردە ئاران بىر نەچچىلا تولۇقسىز باشلانغۇچ ۋە تولۇق
باشلانغۇچ مەكتەپلەرلا قالدى. ھەر يىلى ھەر قايسى ناھىـ
يىلەردىكى تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن
ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ

باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇشىمىز، سىياسى جەھەتتە ھەممە
بىردەك باراۋەر بولۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم.
بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم خىيانەتچىلىككە
قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش كېرەك. كونا جۇڭ-
گودا چوڭ ئەمەلدارلاردىن تارتىپ كىچىك باۋجاڭ، جيا-
جاڭلارغىچە خىيانەتچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان، ئۇلار
خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراشنى ھەرگىزمۇ شەر-
مەندىلىك ھېس قىلمايدۇ. بىزنىڭ خىيانەتچىلىككە قارشى
تۇرۇشنى تەكىتلىگىنىمىز، خەلقنىڭ يېپ - يىڭنىسىنىمۇ ئال-
ماسلىق، ھۆكۈمەتنىڭ بىر پۇڭ، بىرلىسىنىمۇ ئالماسلىق كېرەك
دېگەنلىكتۇر. ئۆتمۈشتە كىشىلەر دائىم: «شىنجاڭدا توپىلاڭ
كۆپ بولىدۇ، 10 يىلدا بىر قېتىم چوڭ توپىلاڭ، 5 يىلدا بىر
كىچىك توپىلاڭ بولۇپ تۇرىدۇ» دېيىشەتتى. بۇنىڭ ھەممە-
سىنى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.
ھازىر شىنجاڭ بىرلىككە كەلدى، بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرىمىز، توختاپ قالغان ئىشلەپچى-
قىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، تىنىچ، خا-
تىرجەم بىر ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم، شۇنداق
قىلغاندىلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت
ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلالاي-
مىز». بەزىدە ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق تەلىم بېرەتتى:
«ھەر بىر ياش جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇنەۋۋەر
بىر جەڭچىسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشى، كەلگۈسىدە تې-

زۇ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بۇرۇنقى ئۇيۇشمىلارنىڭ
(مەسىلەن خۇنەن، خۇبېي ئۇيۇشمىسى، شەنشى ئۇيۇشمىسى،
جېجياڭ ئۇيۇشمىسى) مال ـ مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆز مىل-
لىتى نوپۇسىدىكى ئۆلگەندىن كېيىن قالغان مىراسىغا ئې-
گە بولىدىغان ئادىمى يوقلارنىڭ قېپقالغان مىراسىنى (مە-
سىلەن: يەر، قورا ـ جاي، چارۋا ـ مال قاتارلىقلار) باشقۇر-
دى، تايانچىسىز قېرى ـ چۆرىلەرنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى
بىر تەرەپ قىلدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىل-
لەتلەرنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى «ھۇشۇر»، «زا-
كات» قاتارلىق دىنىي خىراجەتلەرنىمۇ باشقۇرۇپ، بۇنى ما-
ئارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش مەبلىغى قىلدى.
شۇندىن ئېتىۋارەن ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ يېزا ـ قىش-
لاقلىرىدا ئۇيۇشما باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇ-
لۇشقا باشلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەكتەپ يېشىغا
توشقان باللىرى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مەدىنى-
مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا يولداش يۈي شۇ-
سۇڭ «مىللەتنى شەكىل، 6 بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن» قىلى-
غان مائارىپ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شىڭ شى-
سەي بىلەن ئۆتكۈر كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇنى
رەسمىي ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. يۈي شۇسۇڭ تۈرلۈك
شەكىللەردىن پايدىلىنىپ «6 بۈيۈك سىياسەت» نى تەشۋىق قىل-
دى ۋە ماركسىزىم ئىدىيىسىنى تارقاتتى. شىڭ شىسەي ئۆ-
زىنىڭ ئادىمى كۈچى زورايغاندىن كېيىن، 1939 ـ يىلى

ياكى سىفەن مەكتۇنگە ئىمتىھان بىرىپ ئوقۇشقا كىرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە پەقەت بىر روس تىلىدىكى ئىسسىياسى ـ قانۇن دارىلفۇنۇنى، بىر ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر دارىلمۇئەللىمىن ،بىر موڭغۇل ـ قازاق مەكتۇى بار بولۇپ، كۆپلىگەن ناھىيىلەردە مەكتەپ يوق دىيەرلىك ئىدى. 1935 ـ يىلى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۈرۈمچىدە خەنزۇ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قازاق ـ قىرغىز مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، شىۋە ـ داغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، مانجۇ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۆزبېك مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، تاتار مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، گۇيخۇا (روس) مەدىنىئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. بۇ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ـــ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى «6 بۈيۈك سىياسەت»نى تەشۋىق قىلىش ۋە يولغا قويۇش، ئۆز خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتنىڭ مەدىنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەن

«18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جياڭ جيېشى
تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارىتا قارشى تۇرماس-
لىق پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. شەرقىي - شىمالدىكى گۈزەل
تاغ - دەريالار دۈشمەنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇچاغدا،
ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان شەرقىي - شىمال پىدا-
يىلار ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئوق - دورا تۈگەپ ياردەم
ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چې-
كىنىپ، 1933 - يىلى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، تارباغاتاي،
ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. شىڭ
شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ بەزى-
لىرى قوشۇنلارغا قوشۇۋېتىلگەن، بەزىلىرى ئورگانلارغا خىز-
مەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يەنە بەزىلىرى مەكتەپلەرگە ئو-
قۇشقا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. 1934 - يىلى جاھانگىرلىككە
قارشى ئۇيۇشمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپونغا قارشى تەشۋىقات
قاناتيايدۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن
ئەمىلىي كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ
ۋەھشىيانە جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. 1935 -يىلى
جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قايتىدىن تەشكىللەن-
گەندىن كېيىن، ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات مەزمۇنىنى يې-
ڭىمۇ كېڭەيتتى، ئۈرۈمچىدە ھەر قايسى تارماق ئۇيۇشما ئە-
زالىرىدىن ئادەم ئاجرىتىپ ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز دەرىجى-
لىك قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى.
يۈي شۇسۇڭنىڭ ئۆزى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپقا

ئويلىمىغان يەردىن «6 بۈيۈك سىياسەت، يا سوتسىيالىزىم تۈزۈلمىسىگە مەنسۇپ ئەمەس، ياكى سەنمىنجۇيى تۈزۈلمىسىگە مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل بىر سىياسى گۇرۇھتۇر» دەپ جاكالاپ تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قارا نىيىتى شۇندىن ئىبتىۋارەن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. 1942 - يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئۆزىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق گومىنداڭ جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقان ۋاقىتتا يەنە شەرمەندىلەرچە «6 بۈيۈك سىياسەت، سەنمىنجۇيىنىڭ شىنجاڭدا كونكىرىت يولغا قويۇلۇشى» دەپ جاكالىدى.

مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا 1934 - يىلى 11 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتۋىر ىستىتىنىڭ سىياسى - ئىقتىسات پاكولتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن 98 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تاشقىرى، 1935 - يىلى 10 - ئايدا تىببى كەسپىنى ئۆگىنىشكە 12 ئوقۇغۇچى، چارۋىچىلىق، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق كەسپلەرنى ئۆگىنىشكە 12 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى. سىياسى - ئىقتىسات پاكولتېتىغا يەنە، 1935 - يىلى 12 - ئايدا 98 نەپەر ئوقۇغۇچى، 1937 - يىلى 10 - ئايدا 80 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلىپ، ئومۇمى سانى تەخمىنەن 300 ئادەمگە يەتتى. بۇندىن تاشقىرى ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن ئۆز خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان يەنە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارمۇ يولداش يۈي شۇسۇگنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى.

ژورنالدا ئېلان قىلىنغان. ئۇلار يەنە ئاز بولمىغان كىچىك كىتابچىلارنى تۈزۈپ باستۇرغان ئىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار ھازىرغىچە ساقلانمىغان. يۈي شۇ-سۇگېنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىش ئىزلىرى ھەققىدە «خەلق گېزىتى» 1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يولداش لىو جېڭ-جىگېنىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتى بۇ ھەقتە نىسبەتەن ياخشى يې-زىلغان بىر پارچە ماقالا ئېلان قىلدى. يېقىندا جۇڭگو ئىج-تىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر تەتقى-قات ئورنىدىن يولداش لو جېگجىڭ، يۈي شۇسۇگېنىڭ شىنى-جاڭدا خىزمەت ئىشلەپ تۇرغان مەزگىلىدىكى ئىنقىلاۋىي پا-ئالىيەتلىرىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئاتاق-لىق زات ۋاڭ شۇچېڭ يازغان بىر كىتابچىنى تاپتى. ئەس-لىدە ئاپتور 1936 - يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، پىداگوگىكا پاكولتېتىنىڭ مۇدىرى سۇڭ يىگرۇڭ ئەپەندىنى قارشى ئې-لىش ۋاقتىدا بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە چۈشكەن 12 سۇگلۇق سۈرەتنى ساقلاپ كەلگەن ئىكەن. مەك-تەپ مۇدىرى يۈي شۇسۇڭ سۈرەتتە ئوتتۇرىدىن ئورۇن ئال-غان، ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ سۈرەت 10 يىللىق قالايمىقانچى-لىقتا يوقىلىپ كېتىپتۇ.

يۈي شۇسۇگېنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغىنىغا 45 يىل ۋاقىت بولدى، بۇ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ مۇھىم مەز-

دەرس بەردى.

جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما يەنە كىتاپ، ماتىرىياللار قۇرۇلۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كۆتۈپخانىلارنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭدا ئاساسەن ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە باشقا ئىلغار كىتاپلار ساقلاندى. مەسىلەن: «25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر»، «قارلىق تاغ، يايلاقلاردىكى ھەربى يۈرۈش خاتىرىسى» شۇنىڭدەك ئىلغار ئەدىبىي كىتاپلاردىن «كۆك يىنجى»، «چۇقان»، «تۆن يېرى» قاتارلىق مىڭدىن ئارتۇق كىتاپلار ساقلىناتتى. يولداش يۈي شۇسۇڭ كۆتۈپخانىنى باشقۇرغۇچى خادىملارغا كىتاپخانىلارنىڭ ئىسىملىكىنى قەرەللىك تىزىدە ئۈزىگە دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تاپشۇرغان ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى كاتىۋات مۇدىرى گاۋ بۈيۈي قاتارلىق ئادەملەردىن كىتاپ ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى يېزىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما يەنە، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژورنىلىنى تۈزۈپ باستۇردى، بۇنىڭدا ئاساسەن «6 بۈيۈك سىياسەت» تونۇشتۇرۇلاتتى، ياپونغا قارشي كۈرەش تەشۋىقى قىلىناتتى ھەمدە ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى ھەققىدە ئوبزور ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ھەرسانى 10 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىلاتتى. يولداش يۈي شۇسۇڭنىڭ «شىنجاڭي ئىنقىلاۋىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ساۋاقلىرى» دىگەن مۇھىم ماقالىسى دەل مۇشۇ

# شىنجاڭ ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ پېشىۋاسى ــ پروفېسسور تۇجىر

## چىڭ جىرۋېي

پروفېسسور تۇجىرنىڭ تەخەللۇسى سې سەن بولۇپ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭبېي ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك ئالىمى، شۇنداقلا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ سادىق جەڭچىسى، ئۇ بارلىق زېھنى كۈچىنى ۋەتەن ۋە شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، «پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاخىرقى نەپەسكىچە بېغىشلاش» نى ئەمەلگە ئاشۇردى. گەرچە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا 8 يىل بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ روھلۇق ئاۋازى ۋە خۇشخۇي چىرايى، باشقىلارنى ئىزچىل تۆردە ئالغا يېتەكلەشتەك ئۈگىتىش روھى، ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ ئىشلەش خىزمەت ئۇسلۇبى قەلبىمىزدە ئىزچىل ياشناپ كەلمەكتە.

يولداش تۇجىر، 1903 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 29 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خۇبېي، خۇاڭبېي ناھىيىسىنىڭ دۇڭشياڭ يېزىسىدىكى تۇجاۋەن دېگەن

مۇنى ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭـ
قۇر ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە، شۇ يىللاردا ئۇنىڭدىن بىۋاسـ
تە تەلىم ئالغان كۆپلىگەن ساۋاقداشلار، ئۆتكەن ئىشلارنى
تونۇگۈنكىدەك ئەسلەشمەكتە. ئۇلار ئىنقىلاۋىي قۇربان يولي
شۇسۇڭنىڭ مەرىپەت تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئالغان، ئۇلارـ
نىڭ بەزىلىرى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھەر قايسى سەپلەردە
4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلماقتا.
بولاردىن ھازىر ئورۇمچىدە: چېن شىخۇا، يوي جەنلىن،شوي
زۇڭدا، يۈۋلى (ۋاڭ خۇەيپىڭ)، زەي يويلىن، ۋاڭ بىڭۇۋ،
تۇچىچۈن، سوي جىڭفۇ، دۇڭ شاۋتاڭ، جۇ بىڭجاۋ، سەي
چىمىن، جۇنەيمىن، ۋۇرىنۋۇ، ۋۇ دىنشەن، خەن جۇنشىن،
خۇ جېڭشەن، جۇزىدې، خاۋ يۇڭچاڭ، فېن جاۋكۇن، يوي
داشىن، شاۋ رۇچيەن، خالىق ساقى، ۋاڭ ياۋ قاتارلىق
نەچچە ئونلىغان يولداشلار بار. ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنى
ئەسلىگىنىمىزدە خىيالىمىز بىردىنلا قانات قېقىپ، تەپەككۇر
ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىدۇ. ئىنقىلاۋىي قۇربان ۋاپات بولۇپ
10 يىلدىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىنى قولغا
كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتتى، كومـ
مۇنىزىمنىڭ داغدام يولىغا قاراپ مەردانە قەدەم تاشلىدى.
كوممۇنىزىم ئىدىيىسىنىڭ تەرغىباتچىسى، شىنجاڭ ھەرمىللەت
خەلقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشقان ئىنقىلاۋىي قۇربان يوي
شۇسۇڭ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

تىدا، ئۇز ناھىيىسىدىكى تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈر-گەندىن كېيىن ئەلا نەتىجە بىلەن بېيجىڭ چېڭخۇا مەكتە-ۋىگە ئىمتىھان بېرىپ يېرىم ھۆكۈمەت راسخودى بىلەن ئوقۇشقا كىرىدۇ ھەمدە ئاتا - ئانا، يۇرتىدىن ئايرىلىپ مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ. چېڭخۇا ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىق مەك-تىۋى بولغاچقا، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيە مائارىپىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى خۇشىنىڭ «مەسىلىنى ئازسۆزلەپ، مەسىلىلەرنى كۆپرەك تەتقىق قىلىش» سەپسەتىسىنى جېنىنىڭ بېرىچە كۆككە كۆتىرىپ، ئۆلۈك ھالدا كىتاب ئوقۇش، ئۆلۈك كىتاپلارنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر سىياسى پائالىيەتلەرگە قاتنىششىغا قارشى تۇراتتى. تۈجىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئىلىم - پەننى قېينچىلىقتىن ياخشى ئۆگەندى. 1919 - يىلى 5 - ئايدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن«4 - ماي»ھەركىتى پارتلاپ، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ سەھىپىسى ئېچىل-دى. بۇ چاغداتۈجىڭ تولۇپ - تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىز-غىنلىغى بىلەن مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ توسىششىغا قارىماي، مەكتەپتىن بۆسۈپ چىقىپ نامايىشقا قاتناشتى. بۇنىڭگەرچە ئۆزى «لەپىلدىگەن بايراقلارغا ئەگىشىپ چۇقان سالدىم» دىگەن بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ھەركەتنىڭ سى-نىغىغا يولۇقتى.

جايدا ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇۋىسى تۇداۋيۇك چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى زىيالىلاردىن بولۇپ، خۇسۇسى مەكتەپ ئېچىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان، «غەرپ ئىلمى»نى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ ئۆز ناھىيىسىدىكى مۇلەن قىزلار باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى بولغان،دادىسى توخپىڭفۇ سودا ئىشى بىلەن شۇغۇل- لانغان بولۇپ، بىر سودا فىرمىسىنىڭ ھساۋات ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇقۇ- مۇشلۇق ئادەملەر ئىدى. تۇجىڭ بالىلىق چېغىدىن تارتىپلا كىتاپنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئادەتتە كەم سۆز ئىدى، باشقىلار بىلەن ئانچە ئارىلاشمايتتى، دائىم ئۇنىڭ قولى- دىن كىتاپ چۈشمەيتتى، بوش بولسىلا كىتاپ كۆرەتتى. كىتاپ ئېنگلىز تىلىدا «پوك» دىيىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىگە پوك (波克) دىگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.بىراق كېيىن، ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن «پوك» بولشېۋىك سۆزىنىڭ قىس- قارتىپ ئاتىلىشى، ئۇ كوممۇنىستلار بىلەن ئالاقىسى بار «قىزىل شەپكە»لىك ئۇنسۇر دەپ قارىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

تۇجىڭ 7 يېشىدا باشلانغۇچقا كىرگەن بولۇپ، ئۇگ- نىشتە ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى. بوران - چاپقۇن، يامغۇر- لۇق كۈنلەردىمۇ ھەرگىز دەرستىن قالمايتتى، ئۆگىنىشتە ئەلا، ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. 1916 - يىلى 8 - ئايدا ئۇ ئەمدىلا 13 ياشقا تولغان ۋاق-

غـا ھەچقانداق ياردەمى يوق، دۆلـەت ئۈچۈن ھەچقـانداق
پايدىسى يوق» (ئۆزىنىڭسۆزى) دەپ ئويلايدۇ ھەمدە لىگـ
نەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا
بېرىپ، تەكلىپكە بىنائەن كەيىنكىدىكى خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتـ
نىڭ يېزا ئىگىلـىك ئىنىستىتوتىدا پىروفېسـور، قـوشۇمچە
يۆەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمـ
لىيىتىگە كۆپرەك چۆكۈش ئـۈچۈن دائىم يېزىلارغـا بېرىپ
تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىدۇ ھەمدە دېھقانلارنىڭ سورتلۇق
ئۇرۇقلۇق تاللاش، يەرگە تۇجۇپىلەپ ئىشلەش، زىيانـداش
ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ مول ھـوسۇل ئېلىشىغا يېـ
تەكچىلىك قىلىدۇ.

1934 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، تۇجىڭ ئۇخەن ئۇنىۋېرسـ
تېتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، يۇرتىغا قايتىپ يېزا ئىگىلىك
ئىنىستىتوتىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ
ھەمدە قوشۇمچە پاختىكـارلىق ئىشلىرى تەجرىبە مەيدانىنى
ئاچىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ، دۆلەت ئىشلىرىدىكى ناھەقچىلىقـ
نى؛ يېزا ئىقتىسادىنىڭ بارغانچە خانىۋەيران بولۇۋاتقانلىـ
غى؛ گـومىنـداڭ سىيـاسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ كـاتتىۋېشى،
خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ چۈنىنىڭ ياپونغا ئوچۇق ـ
ئاشكارا خوشامەت قىلىۋاتقانلىغى؛ ۋۇخەن ئـۇنىۋېرسىتېتىنى،
بىر تۈركۈم مۇشتىمى زورلار ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئۆز
ئارا پۇت تېپىشىپ، بىر بىرىگە ئورا كولاۋاتقانلىغى؛ پاخـ
تىچىلىق ئىشلىرى تەجرىبە مەيدانىكاپىتالىستلارنىڭ كونتۇـ

1924 - يىلى 6 - ئايدا تۇجىڭ چېڭخۇا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ساۋاقدىشى چۇپېييۈەن قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇدى. ئۇمىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتوتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات مەھكىمىسىدە ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى ئىلمى ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىغى بىلىمىنى ئۆگىنىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1929 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گۇاڭجۇ لىڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ قوشۇمچە ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ بارلىغىنى ۋەتەنگە بېغىشلاش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشىغا قاراتتى.

1931 - يىلى يازلىق تەتىلدە ئۇ، توققان يوقلاش ئۈچۈن ئائىلىسىگە قايتقىنىدا، چاڭجياڭ ئېقىمىدىكى چوڭ كەلكۈن ئەھۋالى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق ھەر يەردە سەرگەردان بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ خاراپلاشقانلىغىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ياپون ئالۋاستىلىرى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، مىللى مۇنقەرزلىكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىغىنى چوڭقۇر ھىس قىلىپ، «ئامېرىكىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ مەكتەپ ئىچىپ، تەجرىبىخانىغا بېكىنىۋېلىپ تەتقىقات قىلغانىنىڭ دىخانلار-

ئىشلارغا بېغىشلايدۇ.

پىروفېسسور تۇجىژ، غەربىي - شىمال دېخانچىلىق - ئورمانچىلىق تېخنىكومىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىكى خىزمەتدىشى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش لى تيەنيۈنى يولۇقتۇرىدۇ. ئۇمۇ شەنشىدىكى ھەر قايسى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ۋە يېزائىگىلىك مەكتەپلىرىدە پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئىكەن. ئۇلار قويۇق ئالاقىدا بولۇپ، دائىم ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىپ تۇرىدۇ. لى تيەنيۈي يەنئەنگەبارغاندا كۆرگەن، ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنى تۇجىژغا سۆزلەپ بېرىدۇ، تۇجىژ بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھاملىنىدۇ. ئۇلار يەنە يەنئەنگە بىللە بېرىشقا مەسلىھەتلىشىدۇ. «7 - ئىيۇل» ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ تېخنىكومدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنەققەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەركىتىگەقاتنىششقاپائال تەشكىللەيدۇ. ئۇتۇق سۆزلەپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى پارتىيە ئەزاسى يولداش لىداۋشۇەنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنى قىزغىن قوللايدۇ، ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى يەنئەنگە بېرىپ كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئىزلەپ تېپىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. يەنئەنگە بارماقچى بولغان بەزى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇ پاختىلىق كىيىملەرنى سوغا قىلىپ ئۆزى يولغا سېلىپ قويىدۇ،

رول قىلىشىغا ئۇچراپ، تەجرىبە خىزمىتى چوقۇم كاپىتالىستلار-
نىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ ئەھ-
ۋاللار ئۇنى چوڭقۇر قايغۇغا سالىدۇ، ئۇ چاغدىكى رەزىل
كۈچلەر بىلەن بىر ئېقىمدا بولغىنىنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئې-
لان قىلغان «پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە
مۇراجەتنامە» نى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىشقا ئىرادە باغلاپ، كېلەر يىلى-
نىڭ ئاخىرىدا قەتئىي قارارغا كېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ
غەربىي-شىمالىغا كېلىپ شەنشى ۋۇگۇڭ غەربىي-شىمال دې-
خانچىلىق - ئورمانچىلىق تېخنىكومىنىڭ پروفېسسورى ۋە
ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ يەر بىلەن يەنئەننىڭ
ئارىلىقى يېقىن بولغانلىقتىن، ئۇ بىر قىسىم ماركسىزم -
لېنىنىزم ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئې-
گە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزم ۋە كوممۇنىستىك پار-
تىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىپ، ئۆزى چىڭ
تۇرۇپ كەلگەن «ئىلىم - پەن بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇش»
ئىدىيىسىنىڭ خاتالىقىنى، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىلا
پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئازاتلىقنى
قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى، پەقەت سوتسىيالىزىملا جۇڭگونى
قۇتقۇزالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى چۈشىنىپ
يېتىپ، ئەمەلىي كۆرەشكە ئاتلىنىپ، بارلىقىنى ئىنقىلاۋىي

رىدىن بىرى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ
يېڭىدىن تەيىنلەنگەن يوەنجاڭى دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى،
مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە
تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە بارىدۇ. دۇجۇڭيۈەن
ئەپەندى تۇجىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا، شىنجاڭ گومىنداڭنىڭ
تەۋەلىگىدە بولمىغان، جۇشقۇن ھاياتى كۈچكە ئىگە ئۆلكە
ئىكەنلىكى، بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى
قىلدۇرىدىغان كەڭزىمىن ئىكەنلىكى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپا-
قى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، زور تۈركۈمدىكى
سوۋېت مۇتەخەسسلىرىنىڭ شىنجاڭدا بىلىم ئۆگىتىۋات-
قانلىقى ۋە دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش
قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە
تۇجىڭنى شىنجاڭغا بېرىپ، كەلگۈسىدە شىنجاڭ دارىلفۇ-
نۇنىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىش-
لىرىغا ياردەملىشىش ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئى-
گىلىك ئىنستىتوتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە تەكلىپ
قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇجىڭ، دۇجۇڭيۈەن ياز-
غان «تىيانشاندىن 3 قېتىم ئۆتۈش»، «شىڭ شىسەي ۋە
يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن
ئۇنىڭدا شىنجاڭغا نىسبەتەن زور قىزىقىش ۋە چەكسىز ئىن-
تىلىش بارلىققا كېلىدۇ، ئۇ دۇجۇڭيۈەننىڭ تەكلىۋىنى خۇ-
شاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا غەربىي-
شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا

ئۇنىڭ ياتىغى يەنئەنگە بارماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېھمانخانىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەكتەپنىڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ خىل ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىگە قارىتا قورقۇش ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.

1938 - يىلى 1 - ئايدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىلەن غەربىي-شىمال دېخانچىلىق - ئورمانچىلىق تېخنىكومى بىرلەشتۈرۈلۈپ، غەربىي - شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەكتەپكە سۇقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ. مەكتەپنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالىدۇ، پىروفېسسور تۇجىڭ بۇ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن سۇ بىلەن ئوتتەك چىقىشالمىغانلىقتىن، ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا يېزا ئىگىلىك پاكولتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، پەقەت دېخانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەيدۇ ھەمدە مەيدانغا كۆچۈپ بېرىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئۆزلۈكىدىن روس تىلىدىن بىلىم ئاشۇرىدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تونۇشتۇرۇلغان بىر قىسىم ماقالىلارنى تەرجىمە قىلىدۇ ھەمدە يەنئەنگە بېرىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى-

كىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى تەلپۈنىدىغان ئىنقىلاپ بۆشۈكىگە ئايلانغان ئىدى. تۈجىڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا كەلگەندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پار-تىيەمىزنىڭ رەھبىريي يولداشلىرى بىلەن يېقىنلىشىش، ماركسىزم - لېنىنىزىم ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي كۈرەشكە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە مائارىپ كۆز قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى.

يۇقۇرىدا تۇجىڭنىڭ كىتاپ ئوقۇشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق، ئۇ كىتاپ سېتىۋېلىش ۋە ساقلاشنىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەندە ئالغاچ كەلگەن يۈك - تاقىسىنىڭ تايىنى يوق، 7 چوڭ ياغاچ يەشىككە كىتاپ قا-چىلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقارا كىتاپخانىسى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ كىتاپخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بو-لۇپ قالدى. بۇ يەردىن ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تۈرلۈك ئىلغار كىتاپ - ژورناللارنى سېتىۋالغىلى بولاتتى، ئۇ ھەر قېتىم بارغاندا نۇرغۇن كىتاپلارنى سېتىۋا-لاتتى، ئۇنىڭ ياتىقى شىنجاڭ دارىلفۇنۇن قىزىل بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىكى بىر ئېغىز ئۆي ئىدى، ياتاق، كارۋات ۋە يېزىق ئۈستىلىدىن باشقا پۈتۈنلەي كىتاپ جازىسى بىلەن تولغان بولۇپ، ھەتتا ئۈستەل ۋە كارۋاتقىمۇ كىتاپلار دۆۋى-

بېرىشقا ھازىرلىق كۆرىدۇ.

1939 - يىلى ئەتىيازدا پىروفېسسورتۇجىڭ، ئۆزى بى-لەن ئامېرىكىدا بىللە ئوقۇغان، چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسى جۇيۇنشاۋ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىرگە لەنجۇدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى ئەشيالارنى توشۇۋاتقان ئاپ-تومو بىلىغائولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، دۇجۇڭيۈەنىنىڭ قىز-غىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇرۇن-قىشىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى كېڭەيتىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-تى قىلىپ قۇرۇش پىلانى ئەمەلدىن قېلىپ، شىنجاڭ قۇرۇ-لۇش نازارىتى تولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى ئاچتى. تۇجىڭ بۇنىڭغا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. 1941 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە تولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغاقوشۇۋېتىلىپ، يېزا ئىگىلىك پاكولتې-تىغا ئۆزگەرتىلدى. تۇجىڭ ئىلمى مۇدىر، قوشۇمچە پاكولتېت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى شىنجاڭدىكى بىردىن - بىر ئالى مەكتەپ بولۇپ، بۇرۇنقى مەكتەپ ئىستىلى بىر قەدەر ناچار ئىدى. 1938 - يىلى كومپارتىيە ئەزاسى يولداش لىنجىلۇ ئىلمىي مۇدىر بولغان-دىن كېيىن، مەكتەپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىپ «ئوقۇش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، نەزىرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش» ئوقۇتۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە

ئەزالىرى بىلەن قويۇق دوستلۇق ئورنىتىپلا قالماي، بەلكى ماركسىزىم - لېنىنىزىم ئەسەرلىرى ۋە ئىنقىلاۋىي كىتاپلار-نى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە بول-غان تونۇشى يەنىمۇ يۇقۇرى كۆتىرىلدى. ئۇ كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا، يۇقۇرى ئىززەت - ئابرويغا ئىگە. چۈنكى ئۇ بىلىملىك، تونۇلغان ئالىم بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىدىيىدە ئىلغار، ئىنقىلاۋىي ئىرادىگە ئىگە پىروفېسسور ئىدى. يولداش گوجېنشيەن ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان ئىدى: «يولداش تۇجىڭغا ئىنتا-يىن قايىلمەن، ئۇ بىلىم دائىرىسى كەڭ، رىياللىققا سادىق، كەم سۆز ئىدى. بىلىملىكلىككە قارىماي باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى كەمتەر تۇتاتتى». تۇجىڭنىڭ چەت تىلنى ئۆگىنىش روھىمۇ كىشىنى ئىنتايىن قايىل قىلاتتى. ئۇ دائىم كېچە-لىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ چەت تىلى ئۆگىنەتتى. گېزىتنىڭ چەت چۆرىسى ئۇ خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن يازغان خام خەتلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئېنگلىزچە بىلەن روسچىنى پىششىق بىلەتتى، گېرمان ۋە فرانسۇزچە كەسپىي كىتاپلارنى كۆرەلەيتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ، چەت تىلدا چىقىدى-غان مەملىكەت خاراكتىرلىق بىر نەچچە خىل ژورناللار-نىڭ تەھرىر ئەزاسى ۋە مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن ھەممە چەت تىلدىن يېزا ئىگىلىك ئىلمىگە ئائىت نەچچە ئون مىڭ خەتلىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. بۇلار ئېر-سىيەت، سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، تېرىقچىلىق، ئۆ-

لىنىپ كەتكەچكە، خۇددى «كىتاپخانىغا» ئوخشايتتى. شۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئەسلەپ: «تۇپىروفېسسورنىڭ كەسپىي كىتاپلىرى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكىدىنمۇ كۆپ ئىدى، كۇتۇپخانىدىن ئىزلەپ تاپالمىغان كىتاپلارنى ئۇنىڭدىن تاپقىلى بولاتتى.» دېيىشەتتى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلىرى پونكىتى كۇچار تەجرىبە پونكىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، ئۇ بۇ پونكىتقا مىڭ پارچىغا يېقىن يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت كىتاپلارنى تەقدىم قىلغان ئىدى.

پىروفېسسور تۇجىنژ ماركسىزىم - لېنىنىزىم ئەسەرلىرىنىمۇ جاپالىق، قېتىقىنىپ تەتقىق قىلغان، ئۇ روس يېزىقىدا نەشر قىلىنغان ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئوقۇشتىن تاشقىرى يەنە كوممۇنىستلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنەتتى. يولداش لىن جىلۇدىن كېيىن، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن يولداش گوجېنشيەن، يەنئەندە نەشر قىلىنغان «دۇنيا ئىنقىلاۋىي تارىخى»دىن دەرس بېرەتتى. پىروفېسسور تۇجىنژ ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق دەرسىگە سىرتتىن قاتنىشىپ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇراتتى. يولداش گوجېنشيەن، تەشكىلدىن تارقىتىپ بەرگەن بىر پارچە «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى» دىگەن كىتاپچىنى ئالاھىدە تۇجىنژغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىنقىلاپ نەزىرىيىلىرىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بەردى. بۇ چاغدا تۇجىنژ بىر قىسىم كومپارتىيە

بىرلەشتۈرۈش، نەزىرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پى-رىنسىپى بويىچە ئەستايىدىل دەرس تەييارلاپ دەرس ئۆ-تۈشتىن تاشقىرى ئوقۇغۇچىلارنى ماشىنىسازلىق رېمونت زا-ۋۇتلىرى ۋە دېخانچىلىق مەيدانلىرىغا باشلاپ بېرىپ پى-راكتىكا قىلدۇراتتى. ئۇنىڭ ئىتىزدا تىراكتۇر ھەيدەشنى ئۆگەتكەن ۋە قوش ھەيدىگىنىدەك تەسىرلىك مەنزىرىنى ساۋاقداشلار ھېلىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

تۇجىڭ نىڭ شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچى-سى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلغان ئىدى. ئۇ گەرچە تەنھا بولسىمۇ تۇرمۇشتا ئىنتايىن ئاددى - ساددا ئىدى. ئۇچىسىغا دائىم توق كۆلرەڭ تې-رىكىدىن تىكىلگەن جۇڭسەن فورمىسىدا كىيىم كىيىپ يۈ-رەتتى. شىمىدا خىمىيىۋى سۇيۇقلۇق دورىلىرى چاچراپ تېشىلگەن بىرنەچچە تۆشۈكلەرمۇ بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە چوڭ ئاشخانىدا تاماقلىناتتى، ئۇ ماڭاشىنىڭ تاماق ۋە كىتاپ سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىپ قالغىنىنى ھەرمىل-لەت قىيىنچىلىغى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلاتتى. شىنجاڭ تولۇق يېزا ئىگىلىك مەكتىۋىدىكى ئوقۇغۇ-چىلار ھۆكۈمەت تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولاتتى. تېخنىكوم شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ...نىڭشىسەي «مالىيە قىيىنچىلىغى»نى بانا قىلىپ ھۆكۈمەت تەمىناتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېرىم يىلدا بىر ئىمتىھان

مەۋسۇمىدە سىنىپ بويىچە 1 ـ ياكى 2 ـ لىككە ئېرىشىپ ھۆكۈمەت تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، گاۋىنشياڭ ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

«پارتىيىنىڭ تەربىيىسى، پروفېسسور تۇجېڭنىڭ غەمخورلۇغى بولمىغان بولسا مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈمۇ بولمىغان بولاتتى، پروفېسسور تۇجېڭنىڭ بىز ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلىگەنلىكىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشىمىز.»

1942 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلقى تەرىپىدىن جاللات دەپ نام ئالغان شىڭشىسەي، نىقاپلىنىۋالغان «ئىلغارلىق» تونىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى. شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرى، ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى. ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ كۆتىرىش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، تۇجېڭ «شىنجاڭ گېزىتى»دە «قۇتراتقۇلۇق» مەزمۇندىكى ماقالا ئېلان قىلغان، ئۇنىڭ قوللانغان تەخەللۇسى «پوك» (波克) «بولشېۋىك» دىگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى دىگەننى بانا قىلىپ تۇجېڭنى قەستەن بۇ ئەنزىدىكى غوللۇق ئادەم دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ

ئېلىپ 1 - دىن 3 - لىككىچە ئېرىشكەنلەرگە پۈتۈن تەمىنات، 4 - لىكتىن 6 - لىككە ئېرىشكەنلەرگە يېرىم تەمىنات بېرىش، 6 - لىكتىن كېيىنكىلەر ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشنى بەلگىلىدى. شۇڭلاشقا ئائىلىسى نامرات ئوقۇغۇچىلار تاماق راسخودىنى تاپشۇرالمىغانلىقتىن ئىلتىماس يېزىپ مەكتەپتىن چېكىنىشكە ياكى تۇجىڭدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. تۇجىڭ بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ تاماق راسخودىنى ئۆزىنىڭ مائاشىدىن تۆلەشنى خوجۇلۇق بۆلۈمىگە ئۇقتۇرۇپ قويدى. تۇجىڭنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلەر ئىچىدە قېرىنداش مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. خۇيزۇ ئوقۇغۇچى گاۋىنشياڭ كان ئىشچىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى ئاغرىق تۈپەيلىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن قايغۇلۇق هالدا تۇجىڭغا: «پروفېسسور، مېنىڭ ئوقۇش راسخودىنى تاپشۇرۇشقا پۇلۇم يوق، مەكتەپتىن چېكىنىپ ئىشلىسەم» دېگەندە تۇجىڭ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ: «كۆڭلۈڭنى بۇزما، سېنىڭ ئوقۇش راسخودىڭنى مەن تاپشۇرۇۋەتتىم، سەن داۋاملىق ياخشى ئوقۇۋەرگىن» دېدى. تەسىرلەنگەن گاۋىنشياڭ كۆزىگە لىق ياش ئالدى، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى. پروفېسسور تۇجىڭ يەنە كەچقۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى پەنلەرنى ئۇنىڭغا ئەستايىدىل تولۇقلاپ ئۆگەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇدا 3 ئوقۇش

لىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. پۇت قىسمى ئېغىر زەخىملەنـ
گەچكە شۇندىن باشلاپ ئۇ يول يۈرگەندە تولىمۇ
قىينىلاتتى.
پىروفېسسور تۇجىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن،
شىنجاڭ قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تېخنىكا مەسلىھەتچىسى،
قوشۇمچە قان زەرداۋى ئىشلەش زاۋۇدىنىڭ مۇئاۋىن باشـ
لىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ چاغدىكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ
نازىرى، تۇجىڭنى گومىنداڭغا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ،
تۇجىڭ بۇنى قەتئىي رەت قىلغاچقا گومىنداڭ دائىرىلىرى
ئۇنىڭغا يەنە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتىمىز
بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇـ
نىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاـ
قى ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇجىڭنى تاشكەنتكە
بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلـ
غانلىقىنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىش
ۋە ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، گومىنداڭنىڭ
خارجى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىملار مەھكىمىسى ئېنگلىزچە
بىلەن روسچىنى پىششىق بىلىدىغان بىر خادىمىنى
ئۇنىڭغا «ھەمرا» قىلىپ، سوۋېتكە ئەۋەتىدۇ ھەمدە
تۇجىڭنىڭ پەقەتلا ئېنگلىزچە سۆزلىشىنى بەلگىـ
لەپ، روسچە سۆزلىشىشىنى مەنئى قىلىدۇ. 1946 ـ يىلى
ـ ئايدا تۇجىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

بىلەن 1944 - يىلى 4 - مايدا تۇجىڭ تۈرمىگە سولاندى. ئىشـ
پىيون ۋە چوماقچىلار ئۇنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ،
كوممۇنىستىك پارتىيە پىلانلىغان «سوۋېتچىلىك تو-
پىلاڭ كۆتىرىش ئەنزىسى»نى ئاساسلىق پىلانلىغۇچىلاردىن
بىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىنـ
لار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى. تۇجىڭ
تۈرمىدە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ھەر خىل
جازالارغا، قاتتىق قىيىن - قىستاق قىيناشلارغا بەرداشلىق
بېرىپ، ئاخىرغىچە قەتئىي باش ئەگمىدى. ئۇ ئازاپلاشتىن
كۆپ قېتىم ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، بىراق دۈشمەن
ھەر قېتىم سوراق قىلغاندا ئۇ ھامان بېشىنى مەردانىلارچە
ئېگىز كۆتىرىپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇلارغا غەزەپ بىـ
لەن تاقابىل تۇردى. تۈرمىداشلىرى ئۇنى پولاتتەك ئەزىمەت
دەپ ماختىشاتتى. شىڭشىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېـ
يىن، گومىنداڭ كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن
بىر نەچچە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىشى
بىلەن تۇجىڭنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى.
1945 - يىلى 3 - ئايدا تۇجىڭ تۈرمىدىن چىققان كۈنى
جۇيۈنشاۋنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۈرمە ئالدىغا بېرىپ ئۇنى
كۈتۈۋالغاندا، تۇجىڭنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، ئورۇقلاپ
ياغاچتەك بولۇپ قالغان، جۇل - جۇل كىيىملىرى بەدىنىنى
ياپالماي قالغان، ئىككى پۇتى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن،
ئىككى يوتىسىدىكى ئالقاندەك يارا يىرىڭداپ گۆشى تىتـ

تۇجىڭ، پارتىيمىزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان ئىدى. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنخۇا ئاگېنتلىقى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى باياناتى»نى ئاڭلاتقاندا، شۇ يىلى 4 ـ ئايدا «جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئېلانى» (يەنى، 8 ماددىلىق ئاساسىي قانۇن)نى ئاڭلاتقاندا، ئۇ پۈتۈن تېكىستىنى كۆچۈرۈۋېلىپ «كۈرەش تەشكىلاتى»گە تاپشۇرۇپ، مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق بېسىپ تارقىتىپ جەمىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان ئىدى. 1949 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماۋجۇشىنىڭ «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى» دىگەن شانلىق ئەسەرى ئېلان قىلىنغاندا، پۈتۈن تېكىستى بويىچە توغرا كۆچۈرۈۋېلىپ، «كۈرەش» ھەپتىلىك ژورنىلىغا بېسىشقا بەردى. «كۈرەش تەشكىلاتى»نىڭ بىر مەسئۇلى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ، 1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت 365 كۈننىڭ ئىچىدە، ھەر كۈنى دىگۈدەك يەنئەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ رادىيو خەۋەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلماي كۆچۈرۈۋالغان ئىدى». يولداش تۇجىڭ ئاتاقلىق بىر ئالىم بولۇش سۈپىتىبىلەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە قارىماي، ھاردىم ـ تالدىم دىمەي بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان. بۇنى ھەقىقەتەن قەدىرلەش

ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنى ئۆگەنگەن ۋە تۈرمىدىكى ئېغىر
سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇجىۋنىڭ كوممۇنىزىمغا
بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ ئاشقان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەس-
تىن ئۇ يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلات«كۈرەش تەشكىلاتى»-
نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ ئوقوغۇچىسى يۈي-
جەنلىن (ھازىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) «كۈرەش
تەشكىلاتى»نىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇلار دائىم
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى قانداق قانات-
يايدۇرۇش توغرىسىدا مەخپىي مەسلىھەتلىشەتتى. ئۇ چاغدا
تۇجىۋ نەنلياڭدىكى خىلۋەت بىر ئارقا كوچىدىكى كىچىك
بىر قورادا تۇراتتى. ھەركۈنى كەچلىك تامىقىنى يەپ
بولۇپ، ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىك-
دېرىزىلەرنى چىڭ يېپىپ، دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ
كونىراپ كەتكەن رادىيو ئارقىلىق دائىم تۈن يېرىمىغىچە
يەنئەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى خاتىرىلەيتتى.
ھەر كۈنى سەھەردە خاتىرىلىۋالغان خەۋەرلەرنى
«كۈرەش تەشكىلاتى»غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئىلان قىلاتتى
ياكى تەشۋىقات ۋارىقى قىلىپ بېسىپ تارقىتاتتى. بەزى
مۇھىم خەۋەرلەر مەسىلەن: لەنجۇنىڭ ئازات قىلىنغانلىقى
ھەققىدىكى خەۋەر تەشۋىق ۋارىقى قىلىپ بېسىپ تارقىتىل-
غاندىن كېيىن پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھرىنى زىلزىلىگە
كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

تىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تېچ يول بىلەن ئازات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ پىداكارانە ئىنقىلاۋىي روھى ۋە زېرەكلىك بىلەن ئەنگلىيە،ئامېرىكاكونسۇلىنىڭ جاسۇسلۇق ھەركەتلىرىنى كۆزىتىپ ئۇلار ۋە بىر ئوچۇم مىللى مۇناپىقلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى پارچىلاش جىنايى سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈگىنى قوغداش يولىدا ناھايىتى زور كۈچ چىقاردى. 1949 ـ يىلى9 ـ ئايدا تۇجىر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل سۈپىتىدە، مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتى. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، تۇن كېچىدە «شىڭلى» قىلىنىپ ئۆرۈمچىدىن مەخپى يۆتكەپ چىقىرىلغان تۇجىر ئايرۇپىلان بىلەن غۇلجىغا كەلدى. غۇلجىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش دىڭلىچۈن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە شىنجاڭنى تېچ يول بىلەن ئازات قىلىشقا دائىر زور مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى، ئاندىن 2 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا ئۇچۇپ بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. سىياسى كېڭەشنىڭ يىغىن مەزگىلىدە، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆز قۇلىغى

كه ئـەرزىيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تار-
قىتىلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە«كۆرەش» ھەپتىلىك ژور-
نىلى ـــ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلـقىنى ئازاتلىق ئۇ-
رۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىدىن خەۋەرلەندۈرۈش،پارتىيىمىز-
نىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، ماۋزېدۇڭ ئىدىيە-
سىنى تەشۋىق قىلىش،گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سەپلىرى-
نى پاراكەندە قىلىش، دۈشمەن قوشۇنىنى پارچىلاش، ھەر-
بىلەرۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكەقايتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش،
شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش جەھەتلەردە بەل-
گىلىك رول ئوينىدى. لېكىن ئۇ خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ
زادىلا ئۆزىنى ماختىمايتتى، مەغرۇرلانمايتتى. ئۇ بىر ئىن-
قىلابچىغا خاس ئېسىل پەزىلەتنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

1949 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغـا كـەلگەندە، قۇد-
رەتلىك جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمـىيىسى جۇڭگونىڭ يې-
رىمىدىن كۆپرەكىنى ئازاپ قىلدى. يـولداش پېڭ دېخۇەي
قوماندانلىقىدىكى، يولداش ۋاڭ جېن يېتەكچىلىك قىلغان
1 ـ بىڭتۇەن شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرلىدى. بۇ ۋاقىتتا يول-
داش تۇجىڭ ئـالىم ۋە شىنجـاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ رەھبىرى
بولۇش سالاھىيتى بىلەن تۈرلۈك شەكىللـەر ئارقىلىق بىر
تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ ھـەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ۋە
ھەر مىللـەت يۇقـۇرى قاتـلام زاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ،
ئۇلارغا پارتىيىمىزنىڭ فاڭـجېن، سىيـاسەتلىرىنى تەشۋىق
قىلىپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئېنىق كۆرسـ

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭ نىڭ شىنجاڭدىكى ھەربى، مەمۇرى باشلىقلىرى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تېز سۈرئەتتە شىنجاڭغا كىردى. شىنجاڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى، ھەر مىللەت خەلقى ئازاتلىققا چىقتى. تۇجىر تولۇپ تاشقان ئىنقىلاۋى ئىپتىخار بىلەن ئۆرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، قوماندان ۋاڭ جېن ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەمدە گومىنداڭنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلىرىدىن غەنىمەت ئېلىنغان بىر پەلتۇنى ئۇنىڭ ئۇچىسىغا كىيگۈزۈپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن، تۇجىر شەرەپ بىلەن غەربىي - شىمال دالا ئارمىيىسى تەقدىم قىلغان ماۋزېدۇڭ ئوردېنى ۋە غەربىي شىمال ئازاتلىق خاتىرە ئىزنىكىگە ئېرىشتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، تۇجىر ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يولداش تۇجىر شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىپ، پرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىنىڭ سادىق جەڭچىسى سۈپىتىدە، تولۇپ تاشقان كۈرەش قىزغىنلىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋەسوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ قايىنىمىغا ئاتلاندى.

بىلەن ئاڭلىدى. ماۋجۇشى، ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې قاتارلىق مەركىزىي كومىتېتنىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ماۋجۇشى تۇجېڭدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى سوراپ ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقى ۋە ھەمكارلىقىنى ماختىدى ھەمدە ئۇنى شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقى بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سۆيۈملۈك جۇئېنلەي زۇڭلى شەخسەن ئۆزى شىنجاڭ ۋەكىل- لىرىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا كەلدى ھەمدە ئايرودرومنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە تۇجېڭ بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنغان ئىدى. تۇجېڭ بۇ سۈرەتنى باشتىن - ئاخىر يېنىدا چىڭ ساقلاپ ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ، ئۇلارغا قەتئىي تەۋرەنمەستىن پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش،شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ھەققىدە تەربىيە بەردى. ئۇ بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىش سەپىرىدە گەنسۇنىڭ جۇچۈەن دىگەن يېرىدىن ئۆتكەندە يولداش پىڭدېخۇەي تۇجېڭنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ئۇنى پارتىيىگە تېزرەك كىرىشكە رىغبەتلەندۈردى.

ياردەم بەردى. ئۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان يېزا ئىگىلىك كۇرسىغا ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بەردى ھەمدە شەخسەن ئۆزى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. قوشۇننىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇ چەتنىڭ يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئائىت ماتېرىياللار ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا ئائىت تۈرلۈك كىتابچىلارنى تەرجىمە قىلىپ، قوشۇننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بەردى. قوشۇن ۋەيەرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆپلىگەن يېزا ئىگىلىك تېخنىك كادىرلىرىغا مۇھتاج بولغانلىقتىن، يولداش ۋاڭ جېن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىغا دوكلات يازغان ئىدى، ماۋجۇشى شەخسەن ئۆزى شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ «1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى»نى قۇرۇشنى تەستىقلىغان ھەمدە تۈجېڭنى مۇدىرلىققا تەيىنلىگەن. ئوقۇتقۇچى تاللاش ئۈچۈن تۈجېڭ ھەرتەرەپكە باردى. ئۇ، يولداش ۋاڭ جېن بىلەن بىرگە بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن كۆپلىگەن مۇتەخەسسىس، پروفېسسورلارنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بەزى پىشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر تۈجېڭنىڭ چوغدەك قەلبىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن، تۇنجى كۆنى مەسلىھەتنى پۈشۈرۈپ، ئەتىسىلا ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققان. تۈجېڭ «1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى» پارتكومىدىكى يولداشلار بىلەن بىرگە ئىنستىتۇتتىكى بارلىق

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش تۇجىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يولداش ۋاڭ جېن، تۇجىڭنىڭ ئىقتىدارى، ئەقلىي پەزىلىتىگە ئىنتايىن ئېتىۋار بىلەن قارايتتى ۋە قەدىرلەيتتى، تۇجىڭ، يولداش ۋاڭ جېننىڭ كۈچلۈك مەسلىھەتچىسى ۋە يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن داۋاملىق يولداش ۋاڭ جېنغا ھەمرا بولۇپ جەنۇبى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، قوشۇنلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى قوغداش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى پىلان، تەدبىرلىرىنى ئورتاق كېڭىشىپ تۈزۈپ چىقاتتى. ئۇ، دېخانچىلىققا دائىر ئىلغار پەن - تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاكتىپ تۈردە پۈتۈن شىنجاڭدىكى 80 نەچچە ناھىيىدە دېخانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقتى. قوشۇن بوز يەر ئېچىش ئىشلەپچىقىرىشىدا يېزا ئىگىلىكىگە دائىر پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە مۇھتاج ئىدى، شۇڭا ئۇ، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكا كادىرلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىرنەچچە خىزمەت ئەترىتىنى تەشكىللەپ، قوشۇننىڭ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىگە

نىڭ دېخانچىلىق ئىتىزلىرىنى لايىھىلەش، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاش، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى بېقىشنى تەرەققى قىلدۇرۇش، شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئورمان ئەھيا قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. بۇ خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق، قوشۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، زور كۆلەمدىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس يارىتىلدى. ئوقۇتۇش مەزمۇنىمۇ بېيىتىپ، نەزىرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدىغان زور بىر تۈركۈم تېخنىك كادىرلار يېتىشتۈرۈلدى. بۇ خىل مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى مەركىزىي كومىتېتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 نەچچە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. كەلگەن يولداشلار يولداش تۇجېژىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ ماختاشتى. ئىنستىتۇتتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ يولداش تۇجېژىغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر مۇدىرنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا، چوقۇم يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا تايىنىش لازىم. يولداش تۇجېژىنىڭ تەشەببۇس ۋە پىلانلىشى بىلەن 1953 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇرپان، سانجى، غۇلجا، تارباغاتاي،

ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، «نەزىرى-
يىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپ-
چىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈش» پرىنسىپىغا بىنائەن، ① كاڭدا
روھى بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇپ، پارتىيىمىز ۋە ئارمىيە-
مىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ كۆرۈنەر-
لىك تۆھپە قوشتى. ئۇچاغدا، پۈتۈن مەكتەپتىكى بارلىق
ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشتىن باشقا،
دائىم ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ قوشۇن، بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش كوماندىر، جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە
ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىپ، زور كۆلەمدە
ئاشلىق، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىش تەجرىبىلىرىنى
ياراتتى. ئۇ يازلىق كانىكۇل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ
پروفېسسور، دوتسېنت، لېكتور، ئاتسېنت ۋە يۇقىرى يىل-
لىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنىنىڭ
ھەرقايسى دىۋىزىيە، پولك، باتالىيون، روتىلىرىغا ئەۋەتىپ،
ئايرىم ھالدا دېخانچىلىق ھەيئىتى، ئۆگەتكۈچى، يېتەكچى ۋە
تېخنىك قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ، ئۇلارنى ۋەزىپىسى-
بار ھەم ھوقۇقلۇق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغىمۇ
يېتەكچىلىك قىلدۇردى ھەم ئۆگىنىش، بىراكتىكا قىلىش
ئىشلىرىنىمۇ قاناتيايدۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشۇنلار-

① كاڭدا: ياپونغا قارشى ھەربى، سىياسى ئۇنىۋېرسىتېتى

داش تۇجېرنى داۋاملىق شىنجاڭدا قېلىپ پەن - تېخنىكا،
مائارىپ ساھەسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىسكەن
دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە ئۇ يەنە
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
ھەيئىتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى،
مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو پەن-
لەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، مەملىكەتلىك پەن - تېخ-
نىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر
ئاكادېمىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا ساي-
لىنىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پەن -
تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكا-
دېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم
رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق
20 نەچچە ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. يولداش تۇجېرقۇ-
شۇمچە ئۆتىگەن ۋەزىپىلەر كۆپ، خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش
بولسىمۇ، ئۇ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەت-
چانلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ قېتىقىنىپ ئىشلەيدۇ. خىزمەت-
تە قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ يېرىمىدىن
كۆپرەكى تۈرلۈك يىغىنلار بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ
لېكىن ئۇ ئەزەلدىن كېچىكىپ قالمايدۇ. مەيلى ئۇ ۋەزىپە ئۆ-
تەۋاتقان قايسى ئورۇنغا بارمىسۇن، چۈشتە ئۆيىگە
دەم ئېلىشقا ناھايىتى ئاز قايتىدۇ، دائىم چۈشلۈك تامىقىنى
ئېلىپ كېلىپ، بىرياقتىن يېگەچ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى

قەشقەر، يەركەن قاتارلىق نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك تەجرىبە مەيدانلىرى (پونكىتلىرى) قۇرۇلدى. ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدىمۇ بىر قىسىم كەسپىي تەجرىبە پونكىتلىرى (نۇقتىلىرى) قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، پەن تەتقىقاتى ئورنىمۇ قۇرۇلۇپ، تۇنجى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت(ئوبلاست)لىرىدا يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى؛ پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا ـ ئىگىلىك پەن تەتقىقات خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە، ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاساسىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلۇپ، تۇنجى ئاكادېمىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. دۆلىتىمىزدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى قۇرۇلغاندا، مىنىستىر ۋاڭ جېننىڭ كۆرسىتىشى ۋە جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۇنجىنى بېيجىڭغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە يۆتكىمەكچى بولىدۇ. ئەمما، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى مەسئۇل يولداشلار مەركىزىي كومىتېتتىن يول-

يولداش تۆمۈر، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئىنچىل ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە رىياسەتچىلىكىدە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ پاكولتېت مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە تەتقىقاتچى خادىملىرىدىن ئەۋەتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ تەتقىقات ئورنىنىڭ كۈچى تولۇقلاندى؛ تەتقىقات ئورنىدىكى ياش پەن ـ تېخنىكا خادىملاردىن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى-دا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. مۇھىم تەتقىقات تېمىلى-رىنى ئىككى تەرەپنىڭ پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى تەشكىللەپ بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلدى؛ ئىككى ئورۇننىڭ كىتاب، ماتېرىيال ۋە ئۈسكۈنى-لىرىنى ئۆز ئارا ئارىيەت بېرىپ ئورتاق پايدىلىنىش تەشەببۇس قىلىندى، بۇ ئارقىلىق ئىككى ئورۇن-نىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ساقلاپ قېلىندى. ئۇ يەنە پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىك نامىدىن ئىككى ئورۇننىڭ ئالاقىدار پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 ـ سېپىگە بې-رىپ، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كۆزىتىشنى قا-

بىر تەرەپ قىلىندۇ. ئۇماتىرىيال كۆرگەن، ھۆججەتلەرگە تەستىق سالغان ھەمدە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» ژورنىلى» (ئۇ، ژورنال تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى) ئۈچۈن ماقالا تەھرىرلىگەن چاغلىرىدا ئىنتايىن ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ھەتتاتىنىش بەلگىلىرىنىمۇ بىرمۇ - بىر تۈزىتىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە مەكتەپ پارتكومى، يولداش تۇجىژنى چۈۋال-چاق ئىشلار توپەيلىدىن چارچاتماسلىق ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ بەلگىلىمەر تۈزگەن بولسىمۇ، بىراق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئۈنىگدىن ياردەم سورىغۇچىلار ياكى ئۇنىڭ تەھرىرلەپ بېرىشى ئۈچۈن ماقالا ئېلىپ كەلگۈچىلەر يەنىلا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ كونا ساۋاقدىشى دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پىروفېسسور خۇاڭيىشىڭ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا تۇجىژغا چوڭقۇر مەنىدە: — «قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىڭ شۇنچە كۆپ، چارچاپ كەتسەڭ، يەنە قانداق قىلىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلىيەلەيسەن» دېگەندە ،ئۇ ئىنتايىن بىغەم ھالدا:

— «مەن پارتىيە ئەزاسى، پارتىيەنىمە قىل دېسە، شۇنى قىلىمەن. ناۋادا راستىنلا چارچاپ ئۆلسەم، بۇمۇ ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئاخىرقىچە كۈرەش قىلغانلىق ھېساپلانمامدۇ» دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ.

چەكلەش لازىم.»دەپ ئۇنلۇك مۇراجەت قىلىغان ئىدى. ئۇ يەنە،جىبجىيالڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن شىن شۇ-سەننى شىنجاڭغا كېلىپ موركاننىڭ ئېرسىيەت ئىلمى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەشكە ئەتەي تەكلىپ قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

«يۈرىكىڭ قاپتەك بولسا، يەردىن ئالسەن تاغدەك ھوسۇل»، مۇ بېشىغا 10 مىڭ جىڭ بۇغداي ئېلىشتىن ئىبارەت «سۇنئى ھەمرا» نى قويۇپ بېرەيلى! دېگەندەك بۇ ئىنتايىن «سول» مۇبالىغىچىلىك شامىلى شىنجاڭغا كىرگەن-دىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتوتى ۋە يېزا ئىگى-لىك پەن تەتقىقاتى ئورنىدىكى تەجرىبە ئېتىزلىرىدى-مۇ، يەرنى بىر يېرىم مېتىر ئاغدۇرۇپ، نەچچە ئون ھارۋا ئوغۇت تۆكۈپ، نەچچە يۈز جىڭ ئوغۇت چېچىلغان «سۇنئى ھەمرا ئېتىزى» بىلەن شۇغۇللىنىش ئەۋج ئال-دى. يولداش تۇجىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، بۇ قارغۇلارچە ئىش قىلغانلىق دەپ تەن-قىت قىلغان ئىدى. بەزى يولداشلار بۇنى ۋاقتىنچە ئىندى-يەسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، ئۇنى مۇتەئەسسىپلىق قىلدى دەپ قاراپ چوڭ خەتلىك گېزىت يازدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئۇ، بىر تەرەپتىن سەۋرىچانلىق بىلەن تەكرار تەربىيە بېرىپ: «ھەممىڭلار ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار، يەرنى مۇنچىلا چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، مۇنچىۋالا كۆپ ئوغۇت تۆكۈپ، بۇنچىلىك كۆپ ئۇرۇقسالساڭلار پەن ھېساپلىنامدۇ؟

ناتيايدۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ھەممە شۇ جايدا پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى سەييارە ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈش — تۇجىرژنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىستىلى. ئىلمىي مۇھاكىمە مەسىلىسىدە، ئۇ پارتىيىنىڭ «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن، ھەممە بەس-بەستە سايرىسۇن» فاڭجېنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي مۇھاكىمىدە دېموكىراتىيە بولۇشنى جارى قىلدى. ئۇ بىر قېتىملىق ئىلمىي دوكلادىدا، ئېرسىيەت ئىلمىدىكى 2 ئېقىمنىڭ بەس-مۇنازىرىسى ئۈستىدە توختىلىپ:

— «ئىلمىي مۇھاكىمە مەسىلىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەرنى بۇيرۇقۋازلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدۇ، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي كۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ، پاكىت قويۇش، داۋلى سۆزلەش ئارقىلىق باشقىلارنى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن قايىل قىلىش كېرەك. مېندېلىپ-مورگان ئېقىمىدىكىلەرنى بېسىشقا، پەپەن قىلىشقا، قالايمىقان قالپاق كىيگۈزۈشكە بولمايدۇ. بەزىبىر كىشىلەر باشقىلارنىڭ تەجرىبە تەشتەكلىرىنى چېقىپ، تەجرىبە ئېتىزلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، بۇ ئۇلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. بۇ خىل قوپال ھەركەتلەرگە چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. قەتئىي

نى نەزەردە تۇتۇپ، پۈركۈپ سۇغۇرۇش، تېمىتىپ سۇغۇرۇش
تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان؛ شىمالىي شىن-
جاڭنىڭ قىروسىز مەزگىلى قىسقا بولغاچقا، ئۇ، سولياۋ
يوپۇقچىدا شال مايسىسى يېتىشتۈرۈشنى كېڭەيتىشكە چاقى-
رىق قىلغان؛ شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئا-
دىمى شالاڭلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىزچىل تۈردە يېزا
ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ھەتتا كىچىك تەجرىبە رايون-
لىرىدىمۇ قول بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى
ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان؛ ئۇ يېزا ئىگىلىك تەت-
قىقات خىزمىتىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىش، ئۈلگە كۆرسىتىش،
كېڭەيتىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، تەجرىبىخانا، تەجرىبە
مەيدانى ۋە يېزا ئاساسىي نۇقتىلىرىدىكى تەتقىقات خىز-
مىتىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەن؛
ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە،
شىنجاڭ دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئۆز
ئارا بىرلەشتۈرگەن سوتسىيالىستىك چوڭ يېزا ئىگىلىك
يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن.
يولداش تۇجېڭنىڭ پەن - تېخنىكا تالانتلىرىغا
كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئاسرىشى تېخىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز.
ئۇ پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن
ئىزچىل ئىجرا قىلدى، ئۇمۇمەن ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدى-
غان، بىرەر ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان ئادەملا بولىدىكەن
مەيلى ئۇ پىششىقەدەم مۇتەخەسسىس، پروفېسسور ياكى ياش تېخ-

مۇنداق قىلىش مۇۋاپىقمۇ؟ بۇنداق قىلغاندا بۇغداي ياخشى ئۆسەلەمدۇ؟ دىگەنلەرنى سوراپ كۆپچىلىكنى ئىغىز ئاچال ماس قىلىپ قويىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «سۇنئى ھەمرا ئىتىزى» دىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە ئايرىم بىر پارچە مول ھوسۇل ئىتىزى بەرپا قىلىپ سىلىشتۇرۇپ، ئەمىلىيەت ئارقىلىق يولداشلارنى قايىل قىلىدۇ. كۆپچىلىك بۇنىڭغا چىن دىلىدىن قايىل بولىدۇ. بۇ ئىش ئۆتۈپ 20 نەچچە يىلدىن كىيىنكى بىر قېتىملىق يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئىسمايىل ياسىنوپ:

— ئەينى چاغدا پەقەت يولداش تۇجىرلا ئىلمىي ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، تەتۈر شاماللارغا تاقابىل تۇرالىغان، بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق! دىگەن ئىدى.

يولداش تۇجىر پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى زور مەسىلەرنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولىدۇ. بىراق يېڭى شەيئىلەرنى ھامان قىزغىن قوللاپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى يولغا قويۇشتا شۇ يەرنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرەتتى. مەسىلەن: ئۇ ئاتوم ئېنىرگىيىسىدىن پايدىلىنىدىغان تەتقىقات ئاپاراتى قۇرۇشنى، يادرو نۇرى ئارقىلىق ئارقىلىق يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈشنى پائال قوللىغان؛ ئۇ، ھەم شالغۇتلاشتۇرۇپ سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، ھەم يەككە ھوجەيرىلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان؛ شىنجاڭنىڭ قۇرغاق، سۇ كەمچىللىك-

لىكىكە ئۇچراپلا قالماستىن ھەتتا ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى توپلىغان نۇرغۇن كىتاپ-ژورنال ماقالىلىرى-مۇ شۇ 10 يىللىق بۇلاڭ - تالاڭچىلىقتا پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدۇ. 1973 - يىلغا كەلگەندە جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ سورۇشتە قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. زۇڭلىنىڭ غەمخورلىغى بىلەن ئۇنىڭ ياشلىق باھارى قايتىدىن ئۇرغۇيدۇ. ئۇ:

— پارتىيە ماڭا 2 - قېتىم سىياسى ھايات بەردى، مەن پارتىيىگە يەنە 10 يىل ئىشلەپ بېرىمەن، — دەيدۇ. بەزى يولداشلار ئۇنىڭغا:

ئېنگلىزچە، روسچىنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز، يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، مەمۇرى ئىشلار بىلەنلا بەنت بولۇپ كەتمەي بېيجىڭغا بېرىپ تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسىڭىز بولارمىكىن، — دەپ نەسىھەت بەرگەندە، ئۇ:

— بۇ پارتىيىنىڭ قارارىغا باغلىق، پارتىيە نەگە بار دىسە مەن شۇ يەرگە بارىمەن دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئاكادېمىيە ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىغىنى ئۆتەشكە تورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە: «يولداش تۇجېڭ ياشىنىپ قالدى، سالامەتلىكى دىگەندەك ياخشى ئەمەس. ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن يېرىم كۈن خىزمەت قىلىپ، يېرىم كۈن دەم ئالسۇن» دەپ ئۇقتۇرۇش

نىكلار بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ھەممىسىنىلا ئاسرايدۇ. شىۋېتسارىيىدە ئوقۇپ كەلگەن گىئولوگىيە ئالىمى ۋاڭ خېڭ شىڭ، ئازاتلىقتىن كېيىن غەربىي شىمال گىئولوگىيە ئىدارىسىدا باش ئىنژېنېر بولغان، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەركىتىدە، تارىخىي مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. تۇجېژنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماي خالىس مەيداندا تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى بىلەن قوماندان ۋاڭ جېن، جۇئېنلەي زۇڭلىدىن يوليورۇق سوراپ، قاماق جازاسىنى بىكار قىلىپ، ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ ئىشلەتكەن. ھازىر داۋاملىق قىزىلشۋاتقان ئۈرۈمچى ليۇداۋان ئۇستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنى دەل ۋاڭ خېڭشىڭ ئەينى يىللاردا قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن بىللە تەكشۈرۈپ ئېچىشنى قارار قىلغان. بىر قېتىملىق يىغىلىشتا يولداش ۋاڭ جېن:

— يەر ئۈستىدە تۇرۇپ، يەر ئاستىدا بىر چوڭ كۆمۈر كانىنىڭ بارلىقىنى بېكىتىش، مانا بۇ ئالىمنىڭ ماھارىتى. ۋاڭ خېڭشىڭنى بوشىتىپ چىقىپ توغرا قىلدۇق، زۇڭ لىنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق، بۇ يولداش تۇجېژنىڭ تۆھپىسى — دېگەن ئىدى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى باشلانغاندىن كېيىن، يولداش تۇجېژ لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ۋەھشىيانە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ، ئۇ مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر زىيانكەش-

ئەستايىدىل ئىزلىنىپ خىزمەتنى تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدۇ، شۇ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ 72 ياشقا كىرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، كۆزلۈك بۇغدايىنىڭ ئۆسۈپ كېتىش ئەھۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن تاكى ئىلى قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ، ھەر قايسى گۇڭشې، دىخانچىلىق مەيدانلىرىدىكى كۆزلۈك بۇغدايلارنىڭ ئۆسۈپ كېتىش ئەھۋالىنى شەخسەن ئۆزى تەكشۈرۈپ ئىگەللەيدۇ. ئانالىز قىلىش، يەكۈنلەش ئارقىلىق ئۆسۈشۈكتىن ساقلىنىشتىكى تۆت تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە كۆزلۈك بۇغداي مايسىلىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش، ساقلاپ قېلىش تەتقىقاتى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۇ تېما ئۈستىدە ھەمكارلىق تەتقىقاتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرىدۇ. شىمالىي جۇڭگودىكى ئون ئۆلكە، رايون بويىچە دىخانچىلىق ئېتىزلىرى ئىھاتە ئورمانلىقى يىغىنىنىڭ رايونىمىزدا ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ نەچچە مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ قەشقەردىكى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەمدە تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى يەركەن ناھىيىسىگە بېرىپ ئىھاتە ئورمانلىقىنىڭ بىنا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۇ قايتىشىدا ئايروپىلانغا ولتۇرماي:

— مەن پارتىيىگە كىرگەندە، كوممۇنىزىم ئىشلىرى

قىلىدۇ. لېكىن ئۇ يېڭى خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن پارتىيە ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىش نىيىتىدە، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ پۈتۈن كۈن ئىشلەيدۇ. خىزمەتكە تولۇق كېلىدۇ. ھەتتا يەكشەنبە ۋە كەچكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ ھۆججەت كۆرۈپ ماتېرىيال يازىدۇ. ئۇ دائىم ھەر قايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. يېزىغا چۈشكەن چاغلىرىدا ئېتىز - ئېرىقلارغا پىيادە بېرىپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇتى تۇرمىدە قىيىن - قىستاققا ئالغان ۋاقىتتا ئەدەپ يېگەنلىكتىن، يول يۈرۈشتە ئىنتايىن قىيىنلاتتى لېكىن ئۇ يىقىلىپ كەتسىمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يەنە ماڭىدۇ. يولداشلار ئۇنىڭغا كۆپ يول يۈرمەڭ، ئېتىزغا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ دېگەندە ئۇ:

— تەجرىبە ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن يېزىغا كەلگەن تۇرسام، ئېتىزغا بارمىسام قانداق بولىدۇ؟ — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

1975 - يىلى يولداش تۇجېڭ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ قەدىرلىك جۇئېنلەي زۇڭلى بەرگەن «سىياسى خىزمەتتىن دوكلات» نى ئاڭلايدۇ، قۇرۇلتايدا جۇزۇڭلىنىڭ، ماۋجۇشىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ئېلىمىزدە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى جاكالىغانلىقى ئۇنىڭغا زور ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئۇ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە

سرلنىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا دوختۇر-خانىدا يېتىپ داۋالىنىشنى تەۋسىيە قىلغاندا ئۇ:

— ياشانغانلار ئاخىرقى ئۆمرىدىمۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى لازىم، — دەيدۇ. بىر كۈنى ئىشقا كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ قوسىغى ئاغرىپ چىدىيالماي قالىدۇ، ماشىنىدا بىرگە كېتىۋاتقان يولداش ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتىدۇ، دوختۇر:

— كېسەل ئېغىر، دەرھال دوختۇرخانىدا ياتسۇن، — دېگەندە ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىشنى خالىماي قەيسەرلىك بىلەن:

— قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار، دەيدۇ. دوختۇر ئۇنى مەجبۇرى دوختۇرخانىدا ئېلىپ قالىدۇ ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كېسىلىنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى مەسئۇل يولداشلار دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلايدۇ ھەمدە دوختۇرلار بىلەن ئۇنى جىددى قۇتقۇزۇش تەدبىرى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن قىلىنغان نەچچە قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن، تەلەپكە بىنائەن تېزلىكتە بېيجىڭغا ئاپىرىپ جىددى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەركىزى ھەربى ئىشلار كومىتېتى باش سەنمۇ بۇسى نۆۋەتچى تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلگۈرەلمەيدۇ. 1976 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت 9 دىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە يولداش تۇجىژنىڭ

ئۇچۇن ئۆمرۇمنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىمەن، شەخسى
راھەت ـ پاراغەتنى ھەرگىز كۆزلىمەيمەن، دەپ قەسەم بەر ـ
گەن ئىدىم ـــ دەپ ئاپتوموبىلدا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ كېلىشى ـ
تىپ، ۋىلايەت (ئوبلاست) لىق يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات
ئورنى تەجرىبە پونكىتى ۋە ئاساسلىق تەتقىقات نۇقتىلىرىغا بېرىپ
خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ ۋە يولداشلارنى يوقلايدۇ.
ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ ـ
چىقىرىش جېڭىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى
چاقىرىغىنى قوللاش ئۈچۈن بىۋاستە قول سېلىپ ماتېرىيال
توپلايدۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ «ئاپتونوم رايونىمىزدا يې ـ
زا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جېڭىنى ياخشى ئېلىپ بې ـ
رىش ھەققىدىكى بىرنەچچە پىكىر» دىگەن ماقالىنى يېزىپ
چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا سۇنىدۇ. بۇ ماقالا ـ
ئۇنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان 40 نەچچە يىلغا يېقىن
ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى
تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي
يەكۈنى ئىدى.

1976 ـ يىلى ئەتىياز، يولداش تۇجىڭ سالامەتلىكى
كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدى ـ
مۇ يەنىلا تۈننى كۈنگە ئۇلاپ، خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ.
ئىككى قېتىملىق يىغىندا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان
ۋاقىتتا، ئۇ ھەتتا كىچىك تەرەتنى كونتۇرول قىلىشنى بىلـ ـ
مەي قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يولداشلار ئىنتايىن تە ـ

## ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدى - كەينى

لىۇدىخې

ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسلى ئىسمى مابۇيىڭ بولۇپ، غەربىي - شىمالدىكى مابۇفاڭنىڭ بىر تەۋرە ئىنىسى. ئۇ 17 ييشىدىلا ئۆز جەمەتىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ ئۆز بىشىمچىلىقتا ھەددىدىن ئاشقان ھەمدە ئۆزىنى «گەنسۇ- نىڭشيا ياشلار بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى» دەپ ئاتىۋالغان ئىدى. باشقىلار ئۇنى «كىچىك قوماندان» دەپ ئاتىشاتتى. ماجۇڭيىڭ راسا قىنىغا سىغماي يۈرگەن چاغدا مابۇفاڭنىڭ دادىسى ماشۇنچىن، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ قورچاق رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ماشۇنچىن، ماجۇڭيىڭنىڭ نام - ئابرويىدا ئۆز ئوغلىنى بىسىپ چۈشۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ، 1927 - يىلى قىشتا ماجۇڭيىڭنى خىشى كارىدورىغا بىر نىشاقامە جبۇر قىلىدۇ ھەمدە ماجۇڭيىڭنىڭ يولىنى توساشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆز ئوغلى مابۇفاڭنى شەرقىي يولنى توساشقا بۇيرۇيدۇ، ماجۇڭيىڭ تازا قىيىن ئەھۋالدا قالغان ۋاقىتتا قومۇلنىڭ زومىگىرى يولۋاس ئىچكىرىگە يوشۇرۇن بىرىپ، ماجۇڭيىڭغا، ئىككىسى

يۈرىكى سوقۇشتىن توختايدۇ. شۇ يىلى ئۇ 73 ياشقا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر قايغۇ قوزغىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. يولداش تۇجىژ — پۈرولېتارىياتنىڭ سادىق، مۇنەۋۋەر، ئاۋانگارت جەڭچىسى، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتەلەيدىغان مۇلايىم، مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك كادىر. شۇنداقلا ھەم قىزىللاشقان، ھەم مۇتەخەسسىسلەشكەن ئاتاقلىق يېزا ئىگىلىك ئالىمى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى مەسئۇل يولداش تەزىيە نۇتقىدا يولداشلارنى يولداش تۇجىژنىڭ ماركسىزم — لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىنقىلاپ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش روھىدىن ئۆگىنىشكە؛ چېگرا رايوندا كۆڭۈل توختىتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىزچىل تۈردە ئىخلاس بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىرىشىپ ئىشلەش روھىدىن ئۆگىنىشكە؛ ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، قىلچە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتىدىغان روھىدىن ئۆگىنىشكە؛ ئۇنىڭ ئىنقىلاپ ۋە خەلق ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغان، تېخنىكا بىلىملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدىغان شىجائەت بىلەن پەن-تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىدىغان روھىدىن ئۆگىنىپ، سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى!

بارىكوّلدە قولغا چۈشۈرگەن بىرتۈركۈم قورال - ياراقلار-نى تارتىۋالىدۇ، بۇقورااللارئىچىدە 4 زەمبىرەك، 4 ئېغىر تىپتىكى پىلىموت، 2 يېنىك پىلىموت، نەچچەيۈزمىلتىق، ئوق - دوراۋە بىرقىسىمھەربى ئېھتىياجغا كېرەكلىك بۇيۇم-لار بارئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا 1931 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە ئاندىن ماجۇڭيىڭنىڭ جۇچۈەنگە قايتىشىغا يول قويىدۇ.

يولۋاس گەرچە ئىنتايىن قۇۋ، مۇغەمبەر ئادەم دېيىلسىمۇ، بىراق ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ھىلىگەر ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئىچكىرىگە چېكىنگەندە، يولۋاس، كەلگۈسى شىنجاڭغا ئۆزەم ياڭغۇزئىگە بولىدىغان بولدۇم دەپ خوشال بولىدۇ، ماجۇڭيىڭ قومۇلدىن چېكىنىش ئالدىدا تۇرپان، توخسۇن، پىچانلارغا يوشۇرۇن ئەۋەتكەن ماشىمىڭ، ماجەن-ساڭ، ماشىشۇن، مادېشياڭ، خېفۇخەي قاتارلىق تاياكچى-لىرىنىڭ مىللى ماجرا پەيدا قىلىپ، ۋەزىيەتنى قالايمىقان-لاشتۇرۇۋېتىشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن. ماشىمىڭ قاتارلىقلار پىچانغا بارغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ھەممىلا يەردە تەڭ قاناتىيېيش ئۈچۈن ماجەنساڭ، خېفۇخەينى قەشقەرگە بېرىپ ھەركەتلىنىشكە، ماشىشۇن (ماخوينىڭ يەنە بەزىلەر ماخېيىڭ (قارا بۆركوت ما) دەپ ئاتىشاتتى)نى ئالتاي، تارباغاتايغا بېرىپ ھەركەتلى-نىشكە ئەۋەتىدۇ. قالغان 4 ى پىچاندا ئۆز ئەتراپىغا كۈچ توپلاپ ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىق

بىرلىكتەچىن شۇرىندىن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەرچىقىرىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. ئۇچاغدا جىن شۇرىننىڭ بىربۆلۈم ئەسكىرىي كۈچى بارىكۆلنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ماجۇڭيىڭ بۇنىڭدىن خەۋەرتاپقاندىن كېيىن، «يات ئۇنسۇرلارنى تازىلاش» نامى بىلەن جازايۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، بارىكۆلدىن بىرتۈركۈم يېڭى شەكىلدىكى مىلتىق، زەمبىرەكلەرنى قولغاچۈشۈرىدۇ. بۇۋاقىتتاچىن شۇرىنمۇئاكتىپ تۈردە ھەربى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، قايتارمازەربە بېرىش ئۈچۈن شەرققەيۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شۇيىلى 10 - ئايدائەسكىرىي كۈچىنى شەرققە چېكىندۈرىدۇ. لېكىن ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىدىن خەۋەرتاپقان مابۇفاڭ خېلى بۇرۇنلا جۇچۇەندە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، جايۈيگۇەننى ھەربى قامال قىلغانلىقتىن، ماجۇڭيىڭ شەرققە قايتىشقا ئامالسىز قېلىپ، جايۈيگۇەننىڭ سىرتىدىكى 3 ناھىيە (ئەنشى، يۈيمەن، دۇڭخۇاڭ)دە ۋاقىتىنچە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، قوشۇنغا كېرەكلىك ئاشلىقنى توپلاشقاھەم ئامالسىز قالىدۇ. ماجۇڭيىڭ ماشۇنچىنغا كۆپ قېتىم تېلېگراممايوللاپ جۇچۇەنگە قايتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭ ھەممىسى ماشۇنچىن تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. ئاخىرىدامابۇفاڭئىچكىرىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ماجۇڭيىڭغا تەھدىت سېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن

پىچاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ، تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە مافۇمىڭ ۋە يەرلىك مۆتىۋەرلەر شەھەردىن چىقىپ قارشى ئالىدۇ. شۇڭفايۇ 20 – 30 مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرىشى بىلەنلا، ماموتنىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇڭفايۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشلىقسىز قالغان قوشۇنى مافۇمىڭنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى تەرىپىدىن پاك - پاكىز يوقىتىلىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن تۇرپاننى ماموت، مافۇمىڭلار بۆلۈۋېلىپ ھەربىي ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ تۇرپاننى ئىگەللىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

ماشىمىڭ قاتارلىقلار نەنسەنگە بۆسۈپ كىرگەندىن كېيىن، ماچۈەنلۇنى ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ ھەمدە بىر قىسىم خۇيزۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا مەجبۇرى توپلاپ ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. جىن شۇرېن، شۇڭفايۇنىڭ تۈەنى تۇرپاندا ھالاك بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تۇرپانغا دەرھال بىر يىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئۇلار سەييۇپىغا بارغاندا ماچۈەنلۇنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچراپ قوشۇنىنىڭ يېرىمى چىقىم بولىدۇ. تۇرپانغا يېقىنلاشقاندا ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچراپ پۈتۈن ئاتلىق يىڭ ھالاك بولىدۇ. بۇقېتىملىق ئۇرۇشتا ماچۈەنلۇ بىر تۈركۈم قورال - ياراق، ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەيۋىسى كۈندىن-كۈنگە ئاشىدۇ.

كۆرىدۇ. جىن شۇرىن، ماشىنىڭ قاتارلىقلارنىڭ پىچاندا كۈچ
توپلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن-
نىڭ تۆەنجاڭى شۇڭفايۇغا تېلېگىرامما يوللاپ، ئۇنىڭغا
ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق
بېرىدۇ. شۇڭ فايۇ پىچانغا يېتىپ كەلگەندە، ماشىنىڭ
قاتارلىقلار يېزىلارغا تارقىلىپ كەتكەن ھەمدە تىيانشاننىڭ
تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تاغلىرىغا
بۆسۈپ كىرىپ ھەركەتلىنىۋاتقان ئىدى. شۇڭفايۇنىڭ تۆەنى
پىچاندا ۋاقتىنچە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، تۇرپان ئاستانىدى-
كى پومىششىك مامۇت، ماشىمىڭنىڭ ئۆز ئەتراپىغا كۈچ توپلا-
ۋاتقانلىق ھەققىدىكى مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاستانىدا تۇرۇشلۇق قو-
شۇننىڭ يىڭجاڭى مافۇمىڭ بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈ-
رۈپ توپىلاڭ قوزغايدۇ. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تۆڭ-
شىلىن، مامۇت، مافۇيىڭلارنىڭ توپىلاڭ ئەھۋالى ھەققىدە
مەخپىي خەت يېزىپ، شۇڭفايۇغا دوكلات قىلىشقا ئادەم ئە-
ۋەتىدۇ. ئالاقىچى يول ئۈستىدە مامۇتنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالىدۇ. مامۇت خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كې-
يىن، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، تۆڭشىلىننى يامۇلنىڭ ئىچى-
دە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا شۇڭفايۇ تۇرپاندىكى توپىلاڭ-
نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن، جىن شۇ-
رىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تاغلىرىدا
ھەركەتلىنىۋاتقان ماشىمىڭ قاتارلىقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن

بويلاپ، چوڭكۆۋرۈككە قاراپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى شىخېجې كوچىسىغا (ھازىرقى شىمالىي شىنخۇا يولى) يېتىپ بارغاندا، بىر ئائىلىنىڭ سۇ تۇڭمىنىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ماشىنىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئوق ياغدۇرۇپ ئۆلكە ئارمىيىسىنى قىرغىن قىلىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ ماڭغان ئۇفىتسېر دەرھال ئىلگىرىلەشنى توختىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە سامان، كىرسىنلەرنى ئىشلىتىپ، يول ياقىسىدىكى ئۆيلەرنى قارا - قويۇق كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. يول ياقىسىدىكى ئاما ئاپەتتىن قۇتۇلۇش قايغۇسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ۋاقىتتا ئاق ئورۇسلارنىڭ «روس ئارمىيىسى» نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ قېچىپ يۈرگەن نۇرغۇن ئاممىنى قىرىپ تاشلايدۇ. 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۈن يېرىمىدا ماشىمىڭ چېكىنىدۇ. ئۇ چېكىنىش ۋاقتىدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ (ھازىرقى شىنخۇا باسما زاۋۇدى) ئۇسكۇنىلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بۇ قېتىملىق توپىلاڭدا چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شەرقى ۋە غەربىي يول ياقىسىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇ يىلى يۈەنشياۋ بايرىمى ئۆتكەندىن كېيىن جەمىيەتتىكى مۆتىۋەر زاتلار خەير - ساخاۋەت ھەيئىتى تەشكىللەپ، بىر تەرەپتىن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭ كۆۋرۈك تەۋەسىدىكى قالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. مەن ۋە لى شاۋشيا خەير - ساخاۋەت ھەيئىتىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن ئىشچى

1933 ـ يىلى 19 ـ فېۋرالدا ماشىمىڭ، ماۋچۇەنلۇلار 700 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ساڭفاڭگۇغا بېسىپ كىردۇ. ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ياۋموسەن تېغىنى ئىگەللەپ ئۇرۇمچىنى توپقا تۇتىدۇ، دۇت، قابىلىيەتسىز جىن شۇرېن دەرھال شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش قوماندانى بەي‌شۇجىڭغا شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۆزى دۇبەن مەھكىمىسىگە سۇقۇنۇۋالىدۇ. جىن شۇرېننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن ماشىمىڭ، چوڭ كۆۋرۈك تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ بىر تەرەپتىن تالان ـ تاراج قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىق كۆرىدۇ. بەي شۇ جىڭ سېپىل ئۈستىگە زەمبىرەك ئورنىتىپ قارشى تەرەپنى توپقا تۇتىدۇ. ھەمدە خەلقتىن چارلاش تۈەنى تەشكىللەپ چارلاش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇرۇش 5 ـ 6 كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن ماشىمىڭنىڭ خورىگى يەنىمۇ ئۆسىدۇ، ئۇ مەجبۇرى ئەگەشتۈرۈۋالغان بىر قىسىم خۇيزۇ ئاممىسىمۇ چوڭ كۆۋرۈك تەۋەسىدە «شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولۇڭلار!» دەپ چۇقان سېلىپ دوست تارتىشىپ بېرىدۇ. بەي شۇجىڭ ئالدىنقى قوشۇنغا دەرھال شاۋشىمىن (غەربىي كىچىك دەرۋازا) دىن چىقىپ چوڭ كۆۋرۈككە قاراپ ئىلگىرىلەشكە، ئاق ئورۇسلارنىڭ «روس ئارمىيىسى» گە بېيمىن (شىمالىي دەرۋازا) دىن چىقىپ خۇگىسەن ئېتىگىنى

كىشىلىك قوشۇنغا شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىنى توساپ زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. شىڭ،ما ئىككى تەرەپ جىمىسارنىڭ زىنىچۈەن دىگەن جايىدا ئۇچراشتى، ئۇ كۈنى قار - يامغۇر يېغىپ قاتتىق جۇدۇن بولغانلىقتىن يالاڭ كىيىنگەن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ھالاك بولغانلىغى ئۈچۈن، ماجۇڭيىڭ ئارمىيىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، چىتەيگە، ئاندىن ئايلىنىپ تۇرپانغا چېكىندى. ئەمدىلا تەختكە چىققان شىڭشىسەي، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ھەلەكچىلىگىدە بولغاچقا «مەغلۇپ بولغان قوشۇننى قوغلاشقا بولمايدۇ» دىگەننى بانا قىلىپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەلدى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىڭشىسەي، جاۋگودۇڭ (خۇيزۇ)، خۇسەيىن (تاتار)، تۇڭ باۋ (شىۋە)، ۋۇئەيچىن (خەنزۇ) لەرنى تاللاپ تەنپەن ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتتى. تەنپەندە ماجۇڭيىڭ، شىڭشىسەي ئۆلكە رەئىسى بولسۇن، ماجۇڭيىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولسۇن دىگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ شىڭشىسەي تەرەپ ماجۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تېچلاندۇرۇش قوماندانى بولسۇن دىگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككىلا تەرەپ ئۆز پىكىرىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن شىڭشىسەي تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەتتى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەشۋىقات، ھال سوراش

دوستلاردىن 8 نى باشلاپ، قىزىل كىردىس بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بولغان نەق مەيدانغا بېرىپ جەسەتلەرنى دەپنە قىلغان ئىدۇق. خۇگسەن تېغىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى ئەتراپىنى ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە توڭلاپ ئۆلگەن جەسەتلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگەن ھەممە ئادەم چىداپ تۇرالماي كۆز يېشى قىلىشتى.

چېكىنىپ جۇچۇەندە تۇرۇۋاتقان ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا 2 - قېتىم كىرىشكە ئاكتىپ ھازىرلىق كۆردى. ئۇنىڭ قوشۇنىغا «گومىنداڭ ئارمىيىسى» 36 - دىۋىزىيىسى دەپ نام بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەۋىسى تېخىمۇ ئاشتى ۋە 1933 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ 18 مىڭ ئەسكىرىنى پىيادە ۋە ئاتلىق ئىككى لويىگە بۆلۈپ، جۇچۇەندىن ئون - تونىسىزقوزغىلىپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈپ، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى شىڭشىسەي ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. شىڭ شىسەي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن ۋاقىتتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى چىتەيگە يېتىپ كەلدى. 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىڭشىسەي ئۆلكە ئارمىيىسى، شەرقىي - شىمال ئارمىيىسى ھەمدە ئاق ئورۇسلارنىڭ «روس ئارمىيىسى» دىن تەركىب تاپقان 5 مىڭ

ليۇجىشەن، كاتىۋات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ياۋجىڭپىڭلارنى لـوۋىنگەن ۋە شىڭشىسەينىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە دىـ خۇاغا ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىڭشىسەي كەسـ كىن تەدبىر قوللىنىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ 3 ۋەكىلىنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تـەرەپنىڭ تـەنپەنى ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇلدى. 1934 - يىلى 1 - ئـاينىڭ 18- كۈنى ماجۇڭيىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچنى باشـ لاپ ئۈلكە مەركىزىگە قـورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شىڭشىسەي شەھەر دەرۋازىسىنى تـاقاپ مۇداپىئە قىلدى. مـاجـۇڭيىڭ دۈشمەن (شـەرقـىي دەرۋازا)نىڭ سىرتىدىكى ئـايـرۇدورۇم (ھازىرقى بـەخت يولى) ۋە سىمسىز رادىيـو ئىستانسىسىنى ئىگەللىۋېلىپ، ئـايـروپـىـلان بىلەن شـەھەر ئىچىگە تەشـ ۋىق ۋەرەقىلىرى تاشلىدى ھـەمدە دۇبـەن مەھكىمىسىنىڭ ئارقا قوراسىغا بىر باغلام گىرانات تـاشلىدى. مـاجۇڭيىڭ شەھەرنى قورشىۋالغان مەزگىلدە، شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقـ لاشقان 40 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ۋە ھـەربى قىسىملار بوـ لۇپ تەخمىنەن 60 مىڭدىن ئـارتۇق ئـادەمنىڭ ئوزۇقلۇق، يېقىلغۇ مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھـەل قىلىش ئۈچۈن، ئـامما ئۆزلۈكـ دىن ھەركەتكە كېلىپ، ئاپتوموبىل ئىدارىسى قوراسىدىكى ليۇجىنتاڭ قەلئە ياساتقان ۋاقىتتا كۆمۈپ تاشلىغان كۆمۈرـ نى قېزىۋېلىپ نوپۇسقا قـاراپ تـارقىتىپ بـەردى. پۈتۈن شەھەردىكى سۇ قۇدۇقلىرىنى كۆزىتىپ باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ھەربىر ئائىلىگە كـۈنىگە پەقەت بىر چىـ

ئەلچىسى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىڭشىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇم-
چىگە ئەۋەتتى. لېكىن كېلىشتۈرۈشتىن نەتىجە چىقمىغان-
لىقتىن، خۇاڭ مۇسۇڭ 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نەنجىڭگە
قايتىپ كەتتى. خۇاڭ مۇسۇڭ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن
شىڭشىسەي قايتىدىن ئەسكەر چىقىرىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ
نەنسەن تەۋەسىدە يوشۇرۇنغان قىسىملىرىنى تازىلاشقا
تەييارلاندى. مادىشياڭ خەلقىنىڭ داۋاملىق ئازاپ ـ ئو-
قۇبەت ئىچىدە قېلىشىنى خالىمىغانلىقتىن، شىڭشىسەيگە
تەسلىم بولۇپ، شىڭشىسەي تەرىپىدىن ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن
6 ـ دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.
1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ماشىمىڭ، مادىشياڭنى ئۆلتۈرۈپ
نەنسەندە داۋاملىق قالايمىقانچىلىق قىلدى. نەنجىڭ
ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
يەنە لوۋېنگەننى ئەۋەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىڭشى-
سەي دىخۇانىڭ مەمۇرىيەت باشلىقى لىرۇڭنى ھۆكۈمەت
ۋەكىلى، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقى لىۋ
بىڭنى ھەربى ساھەنىڭ ۋەكىلى، 4 ـ ئىنىسى شىڭشىچىنى
ئۆزىنىڭ شەخسى ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەپ، لوۋېنگەنگە
ھەمرا قىلىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن تەنپەن قىلىشقا تۇرپانغا
ئەۋەتتى. لېكىن تەنپەندىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى.
تەنپەننى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ مەس-
لىھەتچىسى جاڭياشاۋ، مەسلىھەت باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى

# ئۆرۈمچىدىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن كەسپىي خادىملار

چەي خېڭسېن

## 1. دۆلەت ئىچىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن خانپەرەسلەرنىڭ كاتتىۋېشى ياڭزېڭشىن بىر دوملاپلا «مىنگونىڭ دۇجۇنى» دېگەن ئالى مەرتىۋىگە چىقىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربى، سىياسى مالىيە چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەسكەر توپلاپ، ئۆز يېقىنلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ، سۈيقەست ۋە ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ ئۆزىگە دۈشمەن كۈچلەر ۋە يات ئۇنسۇرلارنى ئارقا-ئارقىدىن يوقاتتى. بىراق ئۇ چاغدا يەرلىكنىڭ مالىيە كىرىمى ئاز، ھەربى خىراجەت ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ياڭزېڭشىن مەمۇرى چىقىمنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەدەنى-مائارىپ ئىشلىرىنى توختاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ۋۇشۇي (1898-يىلى) ئىسلاھاتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ خاندانلىقى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى گەرچە بارلىق يېڭى سى-

لەكتىن سۇ بەردى. 2 ـ ئـاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىلى تەرەپتىن
ئەۋەتكەن 3 ئايروپىلان شەھەر ئىچىگە 10 نەچچە تاغار نان
تاشلاپ بەردى. خەلق بـۇنى ئـۆلە ـ تىرىلىشكە قارىماي
تالاشقان بـولسىمۇ، بىراق بىر ئـائىلىگە بىردىنمۇ تـوغـرا
كەلمىدى. شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن، شەھەر ئـاھـالىسىدىن خەلق قوشۇنى تەشـ
كىللەپ سېپىلنى مـۇھاپىزەت قىلىشقا چىقاردى. ئـۇلارنىڭ
قولىدىكى ئايپالتا، ئۇزۇن نەيزە، تـوقماق قـاتارلىق «قو-
رال»لار ئىدى. كۆپلىگەن ئـادەملەر سېپىل ئۈستىدە ھالاك
بولدى. 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا سـوۋېت ئىتتىپاقى ئـەۋەتكەن
«ئالتاي ئارمىيىسى» يېتىپ كېلىپ قـورشاۋنى بۇزۇپ تاشـ
لىدى. 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ماجۇڭيىڭ ئـۇرۇشتا يېڭىلىپ
قەشقەرگە چېكىندى. شىڭشىسەي پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى
مەركەزلەشتۈرۈپ ماجۇڭيىڭغا قوغلاپ زەربە بەردى. ماجۇڭـ
يىڭ قېچىپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئـۆتۈپ كەتتى.
ئۇنىڭ قالغان قىسىملىرىغا مـاخوشەن بـاشلامچىلىق قىلىپ
خوتەنگە قاراپ قاچتى.

ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆلكە مـەركىزىگە ئىككى قېتىم قور-
شاپ ھۇجۇم قىلىشى گەرچە مىلىتارىستلار ئـوتتۇرىسىدىكى
ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش ئـۇرۇشى بـولسىمۇ، لېكىن بۇ
ئۇرۇش خەلققە ئېغىر بـالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.
بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قـۇتراتقۇلۇق
قىلىپ مىللىي ئۆچمەنلىك پـەيدا قىلغان جىنايى قىلمىشلىـ
رىنى ھەرمىللەت خەلقى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ.

يىن، «جۇمھۇرىيەت» تۈزۈلمىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى زىننەتـ
لەش ئۈچۈن. پەقەت ئازسانلىكى فېئودال بىيۇكىراتلار ۋەكىلىنا
ئەدىپلەر گىلاتايىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولمىغانلىقتىن،
1916 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە ئاددى سىفەن قۇرغانـ
دەن تاشقىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلكە سىرتىغا ئوقۇغۇچى
ئەۋەتتى، تەۋۋەندە شۇچاغدا دۆلەت ئىچىگە ئوقۇشقا ئەۋەـ
تىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ
ئۆتىمەن.

(1) 1916 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتتۈرگەن
ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ ۋاڭ دۇنەن، ۋاڭ كېچىڭ
قاتارلىق 4 ئادەمنى بېيجىڭ قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ
تېلېگىراف مەكتىۋىگە، تېلېگىراماقوبۇل قىلىش ۋەيوللاش،
تېلېگىراف ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش، توك لىنىيىسى
قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسپلەرنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار
شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى مەخسۇس
تېلېگىراف كۇرسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلىنىپ،
ھەرقايسى ناھىيىلەر ئۈچۈن پوختا - تېلېگىراف
كەسپى بويىچە بىرتۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىـ
يىلەپ بەردى.

(2) 1918 - يىلى سىفەن 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىـ
دىن ۋاڭ يىڭلۇ، چاڭ يىڭشياڭ، گۇاڭلۇ ئۈچىنى تاللاپ،
بېيجىڭغا مەخسۇس روس تىلى مەكتىۋىگە ئەۋەتتى. بۇئۈچى
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خارجى ئىشلار تارماقلىرىدا ۋەـ

ياسەتلەرنى خۇددى تەنخۇاگۇلى ئىچىلىپلا توزۇپ كەتكەندەك توختىتىۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۆلەتنى باي قىلىپ ئارمىيىنى كۈچەيتىش - سودا - سانائەتنى گۈللەندۇرۇشنى تەلەپ قىلىش سادا - سى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، خەلق - نىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇر بولۇپ، بەزى ئىجتىمائىي ئالغۇ - چىلىقى يوق يېڭى سىياسەتلەرنى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يولغا قويۇشىغا تاپشۇرغان، شىنجاڭمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى جامائەت پىكرىدىن خالى بولۇش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئالى بىلىم يۇرتى (تولۇق ئوتتۇرىغا تەڭ)، روسچە مەكتەپ، سىياسى - قانۇن مەكتىۋى، ئاددى - سىغەن ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلانغۇچ مەكتىۋى قاتارلىق مەكتەپلەرنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتايەنە، ماشىنە - سازلىق ئىدارىسى (ئاساسلىق ھەربى قورال - ياراق ئۈس - كۈنىلەرنى رېمونت قىلىدىغان)، سودىلىشىش بازىرى، ھۈنەر - سەنئەت مەيدانى، دېخانچىلىق - ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرىنى قۇردى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، يېڭىدىن بىخ چىقارغان بۇنوتىلار ئۆسۈپ يېتىلمەيلا قىرقىپ تاشلاندى، قېپقالغانلىرىمۇ پەقەت ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنى مۇستەھكەملەنگەندىن كې -

تيەنجىنگە ئـەۋەتىلدى. بۇلار قايتىپ كەلگەندىن كـېيىن، چارروسىيە ۋاقتىـدا كـاردىن چىـققان، كىچىك تىپـتىكى پاردىنامىدىن پايدىلىنىپ ياڭزىگىشىنىڭ دۇجۇن مەھكىمىسى ئىچىدە بىر كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر ئىدارىسى تـەسىس قىلىپ، مەھكىمە ئىچىنى توك بىلەن تەمىنلىدى.

(5) 1920 - يىلى باشلانـغۇچ مەكتەپ ئوقۇتـقۇچىـلىرى ئىچىدىن يىڭشۇجيـەن، چىڭيۇنجياڭ ئىككىـسىنى تاللاپ، شىكەر ئىشلەش سانائىتىنى ئۆگىنىشكە خاربىـنغا ئەۋەتـتى. ئۇلار شىـنجاڭغا قايـتىپ كەلگەنـدىن كېـيىن، بېيىمىڭ سىرتىدىكى دىخانچىلىق - ئـورمانچىلىق تـەجربە مەيدانىـدا قـىزىلچىنى سىـناق قىلىپ تـېرىپ، يـەرلىك ئۇسۇلدا شېكەر قايناتتى. بۇ چاغدا شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا قايناتقان شـېكەرنىڭ سۈپىـتى ناچار، تەننەرقى يۇقىرى بـولغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا توغرا كەلدى.

### 2. «5 چوڭ بەيۋەچچە» نىڭ گىرمانىيىدە ئوقۇشى

1928 - يىلى، شىـنجاڭنىڭ جـاۋشېشىسى (ئـالاقە ئەلچىسى) قوشۇمچە ھەربى ئىشلار نازىرى، ئـۈرۈمچىنىـڭ داۋيىگى فەنياۋنەن «7 - ئـىيۇل» سـىياسى ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ، شىنجاڭغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭزىگىشىنى ئۆلتۈردى. بىراق فـەنياۋنەنىڭ ئـۆزى ھاكىمىيەتـنى

زىپە ئۆتەشكە تەقسىم قىلىندى.
(3) 1919 - يىلى، سىفەن 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى—
دىن توچىچياڭ، ۋاڭ ۋەندې، ياڭ فۇتيەن، رۇەن گۇاڭ—
دىڭ قاتارلىق 10 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، لەنجۇ B تىپتىكى
ھۈنەر- سەنئەت مەكتىۋىگە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆ—
گىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار 2 يىل ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن
كېيىن، سىفەن، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قول
ھۈنەرۋەنچىلىك ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىندى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە يەنە ئۇرۇمچى ھۈنەر - سەنئەت مەيدانىنىڭ مەخسۇس
يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئورنىدا شاگىرت
يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا
قاتناش ئېچىلمىغانلىقتىن تۆگە - قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى
قاتارلىق يەرلىك خام ئەشيالارنىڭ ئۆلكە ئىچىدە بازىرى
كاسات بولغاچقا يىغىپ سېتىۋېلىش ئاسان ئىدى. ھۈنەر- سەنئەت
مەيدانى بۇ خىل بازىرى كاسات خام ئەشيالاردىن پايدىلىنىپ
يۇڭ بۇفايكا، يۇڭ ئىشتان، يۇڭ پايپاق، پەلەي، قولاقچا،
شارپ، يۇڭ ياغلىق قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ
بازاردا مال كەمچىل ئەھۋالدا ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر
بولغان ئىدى. بىراق باشقۇرۇش ياخشى ئەمەس، مەھسۇلات
سۈپىتى ناچار، ئىچكىرىدىن كەلگەن ماللار بىلەن رىقا—
بەتلىشەلمىگەنلىكتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاقالدى.
(4) 1920 - يىلى سىفەن 2 - سىنىپتىن سۇنجۇرۇ،
جېن ئېنشاۋ قاتارلىق 4 ئوقۇغۇچى مانتىيورلۇقنى ئۆگىنىشكە

سىلىش، ئەلەم كۆرۈشى ئېلىپ بېرىشتىكى تايانچ كۈچ قىلىشقا ھازىرلىق كۆردى.

بۇلارنىڭ بەزىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىگە ئىگە، بەزىلىرى ئاران باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ھەممىسى يۇقىرى ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولغانلىقتىن شۇ چاغدىكى مائارىپ نازارىتى ئۇلارغا كونا ئوتتۇرا مەكتەپنى (6 يىللىق) پۈتتۈرگەن دىپلوم تارقىتىپ بەردى ھەمدە ئۆلكەمەركىزنىڭ ساقچى نازىرى ۋۇ گۋاڭرۇڭنى «5 بەيۋەچچە» نىڭ ئوقۇش، تۇرمۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلەپ ئۇلارغا ھەمرا قىلىپ گېرمانىيىگە ئەۋەتتى.

1930 - يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، يەنى «5بەيۋەچچە» ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش كۈنى، پۈتۈن جىن جەمەتىدىكىلەر قىزمۇرۇلۇپ بىر يۈرۈش خادىملەر بىلەن ئۇزىتىپ چىقتى. ئات ھارۋىلار ئايغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى. ھەربى ئوركىستىر يول باشلاپ، پىيادە، ئاتلىق ھەربى، ساقچىلار قوغداپ مېڭىپلا قالماستىن بەلكى پۈتۈن شەھەردىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى كوچىغا چىقىپ تەبرىكلەشتى ھەمدە غەربى باغچىدا ھەشەمەتلىك ئۇزىتىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ھەقىقەتەن، ئاتالمىش «ئىسىلزادىلار يولغا چىقسا يەر - جاھان لەرزىگە كەپتۇ» دىگەندەك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالدىنقى سەپتىن، ھەربى يۈرۈشتە ئە-

ئىگەللىيەلمەي ئەكسىچە ياڭزىگشىنىنىڭ سادىق مۇرىتى، هۆكۈمەت ئىشلىرى نازىرى جىن شۇرىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلـ دى. جىن شۇرىن تەختىكە چىققاندىن كېيىن، گەنسۇنىڭ ھەربى ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىگە ئارقا تىرەك قىلىپ، ياڭزىگـ شىنىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇمۇلدىكى جىن شۇرىنغا قارشى گورۇھىنىڭ باشلىغى، گەنسۇدىكى كىچىك مىلىتارىست ماجۇڭيىڭنى قۇمۇلغا ئەسكەر كىرگۈزۈشكە قۇترىتىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ مۇھىم قاتناش يولىنى بۇزۇپ تاشلىدى. جىن شۇرىن بىر قانچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ يا رەسۋا بولۇپ قاچتى ياكى پۈتۈن قوشۇنى ھالەك بولدى. جىن شۇرىن ئۆز قوشۇنىنىڭ چىرىكلىشىشتە چېكىگە يەتكەنلىكى، بىرەر زەربىگىمۇ بەرداشلىق بىرەلمەيدىغانلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ، كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن ئوفىتسېرلەر مەكتىۋىنى تەرتىپكە سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن 1930 ـ يىلى ئوغلى جىن زودىڭ، جيەن ئوغلى جىن زوجىڭ، قۇدىلىرى مالىيە نازىرى جورۇيشىنىڭ ئوغلى جورۇينىڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى لۇشاۋزۇنىڭ ئوغلى لۇكېمىسي، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 3 ـ دىۋىزىيە باشلىغى ليۇشىزىگىنىڭ جيەنى ليۇ خۇڭلى قاتارلىق 5 ئادەمگە قۇرۇقلۇق ئارمىيە شاۋۋىيـ لىق ئۇنۋانى بېرىپ ھەربى ئىشلارنى ئۆگىنىشكە گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، كەلگۈسىدە ئارمىيىنى تەرتىپكە

ئۆچمەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

جىن شۈرىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ شوئار يازغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆلكە مەركە-زىدىكى ساقچى نازىرى لىن يەنمىڭ، ژاندارما يىڭجاڭى مىڭ ×× (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) نى دەرھال نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا سى-نىپقا يېزىلغان شوئارلار ئۆچۈرۈپ تاشلانغان بولسىمۇ مەيدان، ياتاق تاملىرىدىكىسى تېخى بار ئىدى. لى، مىڭ ئىككىسى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يۈەنجاڭ ليۇگۇاڭخەي، مۇدىر گۇاڭجۇڭگە 3 كۈن مۇددەت ئىچىدە ھەقىقى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىشنى بۇيرىدى. ليۇ، گۇاڭ ئىككىسى ئاقكۆڭۈل، ھەققانى ئادەملەردىن بولۇپ، ئۇلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ھەركىتى، جىن شۈرىننىڭ «5 چوڭ بەيۋەچچە» نى چەتئەلگە ئوقۇشقا ئە-ۋەتكەنلىكىگە بولغان نارازىلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەمدە بىرەر ئوقۇغۇچىدىمۇ راستىنلا ماجۇڭيىڭنى «شىنجاڭ-نىڭ ۋاڭى» قىلىپ قارشى ئېلىش نىيىتى يوقلۇقىنى چوڭ-قۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار، بۇ ئىشنى يۇقۇرىغا: «بۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەكتەپكە سۇقۇنۇپ كىرگەن ئىش-پىيونلارنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئىش بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق. بۇندىن كېيىن قاتتىق نازا-رەت قىلىمىز.» دەپ مەلۇم قىلىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

كەر ۋە ئات ـ ئۇلاقلا ئۆلۈپ، ھەممىلا جايدا جەسەت سۆ- ڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى مەغلۇبىيەت خە- ۋەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. شەھەر ـ با- زارلار چۆلدەرەپ ھەممە يەرنى نارازىلىق ساداسى قاپلىدى. بۇ ئەھۋالنى بىر نەچچە «ئاقسۆڭەك» ئوقۇغۇچىنىڭ چەت- ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشى شۇ قەدەر ھەشەمەتلىك، ئىسراپ- خورلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاممى- نىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ ـ تاشتى. «5 چوڭ بەي- ۋەچچە»نىڭ چەتكە ئوقۇشقا چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر ھەممىلا يەرگە تارقىلىپ كەتتى. بۇ ئىشقا بولۇپمۇ سىياسى ـ قانۇن دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىلى- رىنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاي- دا سىياسى ـ قانۇن دارىلفۇنۇنى ۋە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ (ئۇ چاغدا ئىككى مەكتەپ قوشۇۋېتىلگەن ئىدى) مەيدان، ياتاق تاملىرى ۋە سىنىپتىكى دوسكىلارغا «يوقال- سۇن جىن شۇرېن»، «ماجۇڭيىڭنى قارشى ئالىمىز» دېگەن شوئارلار يېزىلدى. ئەمىلىيەتتە، ئاممىا ماجۇڭيىڭ قوزغى- غان مىللى قىرغىنچىلىققا قارشى تۇراتتى. ۋاھالەنكى «قارشى ئالىمىز» دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلىشى خۇددى «4 كىتاپ» تا: «بۇ ‹قۇياش› قاچانمۇ يوقىلار، مەن سەن بىلەن بىللە تۈگەشسەممۇ ئاغرىنمايتتىم» دەپ يېزىلغىنى- دەك خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا بولغان چوڭقۇر

بولسا ھەتتا سىمونتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئىنتايىن ئاز. ئۇنى ئىشلەپچىقىرىپ ئىشلىتىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سىلەر ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ چەتئەلگە ئوقۇشقا كەلدىڭلار، دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بىلىملەرنى كۆپرەك ئۆگەنگىنىڭلار ياخشى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىز چوڭقۇر تەسىرلەندۇق، دەل بىزنىڭ ئويلىغان يېرىمىزدىن چىقتى. ھەممىمىز بىردەك، ئۇنىڭدىن جىن شۇرىنىغا ئىلتىماس قىلىپ كەسپىمىزنى سانائەتنى ئۆگىنىشكە ئۆزگەرتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. ئىلتىماسىمىز تەستىقلانغاندىن كېيىن، بىز بېرلىن ئونىۋېرسىتېتىنىڭ گېرمان تىلى ئىنستىتوتىدا 8 ئاي گېرمان تىلىنى پىششىقلىغاندىن كېيىن، بۇرھان ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئايرىم - ئايرىم زاۋۇت، دېخانچىلىق مەيدانى ۋە مەكتەپلەرگە باردۇق. چەيخېگىسىن، بار - پۇر قاچا، ئەينەك، سىمونت ياساشنى ئۆگىنىشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن كودۇن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە سانائىتى كەسپىگە، گويۇڭلۇك، نېفىت ئېلىش - ئايرىشنى خالىغانلىقتىن جەنۇبى گېرمانىيىنىڭ مىڭشىك نېفىت ئايرىش زاۋۇدىغا بېرىپ پىراكتىكا قىلىشقا، جىڭ فىڭجى پولات تاۋلاشنى ئۆگىنىشنى خالىغانلىقتىن رېيىن دەرياسى بويىدىكى بىر نېفىت - پولات زاۋۇدىغا بېرىپ پىراكتىكا قىلىشقا، سۇن گوجىڭ يېزائىگىلىكىنى

## 3. جىن شۇرىن 2 - قاراردا گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلار

جىن شۇرىن، جامائەت پىكرىنى پەسەيتىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەزبە قىلىش ئۈچۈن، 2 - قاراردا گېرمانىيىدە ئوقۇشقا ئوقۇغۇچى تاللاش ئۈچۈن، ئىمتىھان ئالىدىغانلىقىنى جاكالىدى ھەمدە شەخسەن ئۆزى ئىگە بولۇپ سىناق ئېلىپ، روسچە سىياسى - قانۇن دارىلفۇنۇنىنىڭ 2 -، 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن گويۇگلۇڭ، سۈن گوجىڭ، جېڭ فىڭجې، چەي خېڭشىن تۆتىنى قوبۇل قىلىپ، 1932 - يىلى يازدا، ھەربى ئىشلارنى ئۆگىنىشكە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھرىگە ئەۋەتتى ھەمدە شىنجاڭدىن بېرلىندا تۇرۇپ گېرمانىيىنىڭ سانائىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن بۇرھان شەھىدىنى قوشۇمچە بۇ ئىككى قارار- دىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى. بۇرھان شەھىدى، بىزنىڭ ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىمىز، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، مەكتەپنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىزگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشقا باشلىدى. بىر قېتىم ئۇ بىزگە: «شىنجاڭدا كەمچىل بولۇۋاتقىنى سانائەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملار، سانائىتى ئالدىغان بولساق گېرمانىيىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلمەكتە، بىزنىڭ شىنجاڭدا

ميهتنى مۇستهھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جىن شۇرىننى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن سىياسى ئۆزگىرىش قىلغانلارنىڭ رەھبەر-لىرىدىن چىن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۇلارنى ئاتتى. ئارقىدىنلا شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي - شىمال پايونغا قارشى ئارمىيەسىنىڭ باشلىقلىرىدىن جىن رۇڭچىڭ، ياڭياۋ-جۇن، سۇگولارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلىنىڭ بىزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى جاڭپېييۈەنىنىڭ قوراللىق قارشىلىقىنى تار - مار قىلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا سىياسى سۇيىقەست ئىشلىتىپ، قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىيازھاجى بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى بىلدۇردى ھەمدە ئۇنى ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچ دائىرىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈتەشكە تەكلىپ قىلدى. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇ ئۇدا نەچچە يىللار داۋاملاشقان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان داۋالغۇلۇق ۋەزىيەت ئاخىرلىشىپ، ھەرمىللەت خەلقى سانائەت ۋە يېزائىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان تېچ خاتىرجەم پۇرسەتكە ئىگە بولدى.

تېچلىق ۋەزىيىتى تۇراقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، شىڭشىسەي «ئىلغار»لىق تونى بىلەن نىقاپلىنىپ، 1934 - يىلى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى ئىشلارنى يولغا قويۇشتىكى 9 ماددىلىق فاكچېننى ئېلان قىلىپ، 3 چوڭ سىياسەت ــ جاھانگىرلىككەقارشى تۇرۇش، شورالار ئىتتى-پاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى) بىلەن دوست بولۇش،ھەممە مىل-

ئۈكتىنىشنى خالىغانلىغى ئۈچۈن رېيىن بويىدىكى بىردۆلەت ئىگىلىگىدىكى دىخانچىلىق مەيدانىغا بىرىپ پىراكتىكا قىلىشقا تونۇشتۇرۇلدۇق. گەرچە بىز ئوقۇش مەقسىدىگە يەتكەن بولساقمۇ، بىراق ئاران 3 ئاي ئوقۇغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىپ ئوقۇش راسخودى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ 1933 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ كەلدۇق.

شىڭشىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ۋەزىيەتكە ۋە خەلقنىڭ رايىغا بېقىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مالىيە مەسلىھەتچى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ چاغدا روسچە تەرجىمەخادىملارغائېھتىياجلىق بولغانلىقتىن،بىزشىڭشىسەي تەرىپىدىن مالىيە نازارىتىگە ئەۋەتىلىپ تەرجىمانلىققا تەيىنلەندۇق. كېيىن ھەرقايسى ۋىلايەتكە ئەۋەتىلىپ مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىغىغا قويۇلدۇق.

#### 4. شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى

شىڭشىسەي، ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھاكى

قانۇن كەسپمۇ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ 3 قارار ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ كەسپتە ئوقۇشى، ھەر قاراردا 100 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش بەلگىلەنگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە 1 - قاراردا 98 نەپەر، ئىككىنچى قاراردا 90 نەپەر، 3 - قاراردا 80 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى، شىڭشىسەي، مائارىپ نازىرى جاڭ چىڭ، مالىيە نازىرى چىن دېلى، خارجى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يىگلۇلارغا تاپشۇردى. ھەر قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئىمتىھان ئېلىش، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تاللاپ قوبۇل قىلىندى. بۇندىن تاشقىرى ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئالتاي قاتارلىق رايونلارغا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرىدىن تاللاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. 1 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خەنزۇ 31 نەپەر، ئۇيغۇر 38 نەپەر، قازاق 6 نەپەر، مانجۇ 5 نەپەر، خۇيزۇ 9 نەپەر، شىۋە 4 نەپەر، موڭغۇل 5 نەپەرنى تەشكىل قىلدى. 2 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خەنزۇ 18 نەپەر، ئۇيغۇر 31 نەپەر، خۇيزۇ 8 نەپەر، شىۋە 5 نەپەر، قازاق 12 نەپەر، موڭغۇل 10 نەپەر، مانجۇ 6 نەپەرنى تەشكىل قىلدى. 3 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خەنزۇ 20، ئۇيغۇر 29، خۇيزۇ 6، مانجۇ 2، قازاق 12، موڭغۇل 9، شىۋە 2 نەپەرنى تەشكىل قىلدى. ھەر قا-

لەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش (كېيىن، تېچلىقنى ساقلاش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش قوشۇلۇپ جەمئىي «6 بۈيۈك سىياسەت» بولدى) نى ئوتتۇرغا قويدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىۋىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. سىياسى ئىشلارنى يولغا قويۇشتىكى 9 ماددىلىق فاكتىنى، مەسىلەن: دىخانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىش، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى رەتكە سېلىش، خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇش قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ يولغا قويدى. بولۇپمۇ ئىدىيىدە ئىلغار، خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە ياش تايانچلارنى تەربىيلەش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رازىلىغىنى ئېلىپ، 1934 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە بولغان 3 - يىل ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھەر يىلى 100 دىن ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشتە شىڭ شىسەينىڭ گەرچە شەخسى غەرىزى بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇ نەچچە قارار ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭنىڭ مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ئويغىتىش جەھەتلەردە ئىنتايىن زور رول ئويىنىدى.

تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسى،

ستىنى ئېلىپ، تاشكەنتتىكى باش كونسۇل گۇاڭ لۇنىڭ
ھەمرالىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسى
قانۇن پاكولتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتاق، ئاشخانا، مەك-
تەپ باغچىسى ۋە ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى ئېكىسكۇرسىيە قىل-
دىم. روس تىلى تولۇقسىزلىق دەرس بولۇپ كۈنىگە 2 سائەت
ئۆتۈلىدىكەن، روس تىلى ئوقۇتقۇچىسى كۆپ يىللىق ئوقۇ-
تۇش ئۇستازىغا ئىگە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، تەلەپ-
پۇزى توغرا، ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سورىغان، مەسىلىلەرگە
تۆزىتىش بەرگەن ياكى سوئاللارغا جاۋاپ قايتۇرغاندا ئىنى-
تايىن ئەستايىدىل ھەم سەۋرىچان ئىكەن. فىزىكا، خىمىيە،
جۇغراپىيە، تارىخ، ماتېماتىكا قاتارلىق باشقا ئاساسىي
پەنلەرنىڭ مەزمۇنى تولۇق ئوتتۇرا دەرسلىكىگە باراۋەر
كېلىدىكەن. بۇندىن باشقا يەنە ئىستاتىستىكا، بىئولوگىيە،
سىياسى ئىقتىسات، خەلقارا قانۇن، دۆلەت تۈزۈلمىسى، فى-
زىئولوگىك كېگىنا، ئاناتومىيە ۋە دىخانچىلىق بىلىملىرى
قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئۆتۈلىدىكەن. دەرسلىكلەرنى ئىككى
يىلدا تاماملاش بەلگىلەنگەنلىكتىن، دەرسنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇشى زىچ، تاپشۇرۇقلار كۆپ ئىكەن. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن جاپاغا چىداپ قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، بايرام،
دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئۆيۈن - تاماشىغا ئىنتايىن ئاز چىقىدىكەن.
سىياسى - قانۇن پاكولتېتى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار-
نى مىللەت، تىلغا قاراپ سىنىپلارغا بۆلگەن. مەسىلەن:

راردا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى مائارىپ نازارىتى شىنىڭ شىسەيگە سۇنۇپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇپتى؛ 1 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىۋات باشقارمىسى خارجى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل بۆلۈم ئەزاسى چاڭ يىگشياگنى ئەۋەتتى. 2 - قاراردىكىلەرنى ئاپىرىپ قويۇشقا خارجى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى زۇۋ نەيجۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىغى چەي خېگسېننى ئەۋەتتى؛ 3 - قاراردىكىلەرنى ئاپىرىپ قويۇشقا خارجى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىغى زۇۋ نەيجۇنى ئەۋەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يول ئۈستىدىكى تاماق، ياتاق، خىراجەتلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت كۆتىرەتتى. يول ئۈستىدە بېسىپ ئۆتكەن ھەر قايسى ناھىيىلەردە تاماق، ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇش ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلغان ئىدى. سوۋېت چېگرىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا پارچە - پۇرات خىراجەت ئۈچۈن 100 رۇبلى تارقىتىپ بېرىلدى. ھەممە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى مەخسۇس ئادەم ۋە ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۇدۇل ئاياگۇز پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن پويىز ئارقىلىق بىۋاستە تاشكەنتكە ئېلىپ باراتتى.

مەن 2 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنى تاشكەنتكە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رۇخ-

تىياتىر، شوپۇرلۇق، قارىغا ئېتىش قاتارلىق مەدەنى كۆ-
ڭۈل ئېچىش پائالىيەت گۇرۇپپىلىرىغا هەركىم ئۆز هەۋەسىگە
قاراپ ئىختىيارىي قاتنىشاتتى.

مەكتەپ هەر ئوقۇش يىلىدائوقۇغۇچىلارنى كولخوز،
دۆلەت ئىگىلىگىدىكى دىخانچىلىق مەيدانى ۋە زاۋۇتلارنى
ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇراتتى. چوڭ بايراملاردا
(مەسىلەن، «1 - ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى، ئۆكتەبىر
ئىنقىلاۋى بايرىمى) قىزىل مەيدانغا ئاپىرىپ پارات مۇنبە-
رىگە ئورۇنلاشتۇراتتى. شىڭشىسەينىڭ ئاتالمىش يېڭى هۆ-
كۈمىتى قۇرۇلغان «12 - ئاپرېل» نى خاتىرىلەش بايرىمى-
دىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ ئىچىدە تەبرىكلەش پائالىيە-
تى ئۆتكۈزۈشكە قوياتتى. هەر يىلى يازلىق كانىكولدا يە-
نە ئوقۇغۇچىلارنى موسكۋا، لېنىنگرادقا ئېكىسكۇرسىيە،
ساياهەتكە تەشكىللەيتتى.

شىنجاڭدىكى سىياسى ئەهۋال، دۆلەت ئىچى ۋە سىر-
تىدىكى ئېقىم مەسىلىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش ئۈچۈن،
هەر تۈركۈمدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە
قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ،كوك-
لىكتىپ ئۆگىنەتتى. مەسىلەن: 1938 - يىلى 3 - قارار ئو-
قۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭ ئى-
نىستىتۇتىدا ئېچىلغان يېرىم يىللىق بىلىم تولۇقلاش كۇرسى-
دا تەربىيىلەندى. ئۇ چاغدا كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ
شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. ئۇنىڭ باش-

1 ـ قاراردىكىلەرنى 8 سىنىپقا بـۆلۈپ دەرس ئـۆتكـەن، بۇنىڭ ئىچىدە خـەنزۇ تىـل سىستېمىسىدىكىلـەر 3 سىنىپ (خۇيزۇ، مـانجۇ، شىۋە مىللىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەر بىر سىنىپتا تەخمىنەن 17 ـ 18 ئوقۇغۇچى بولغان؛ ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكىلەر 3 سىنىپ (ئۆزبېك ۋە تاتارلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ قازاق تىلى 1 سىنىپ، موڭغۇل تىلى 1 سىنىپ. ھەر بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى ئاز بولۇپ، ئوقۇتقۇچى بىر مۇ-بىر چۈشەندۈرۈشكە يېتىشكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتـە ئىلگىرىلىشى ناھايىتى تېز بولغان. 2 يىلدا ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغان دەرسلىكلەرنى ئىگـەللىۋالغـان، روسچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، كىتاپ- ژۇرناللارنى ئوقۇيالايدىغان بولغان.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى ۋە ئوقۇش راسخودىنى شىنجاڭ يـەرلىك دائىرىلىرى ھۆددىگە ئالغان بولۇپ، كېيىن ھىساۋات قىلىناتتى. ئۇ چاغدا ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا بىر يىللىق كىيىم ـ كېچەك راسخودى ئۈچۈن 2000 رۇبلى، ئايلىق پارچە ـ پۇرات خىراجەت ئۈچۈن 100 رۇبلى تـارقىتىـپ بېرىلـەتتى. يـاز پـەسلىدە 4 ۋاق تـامـاق (ئـەتىگـەنلىك نـاشتـا، ئـەتـىگـەنلىك تـامـاق، چۈشلۈك تاماق، كەچلىك تامـاق)، قىشتـا 3 ۋاق تـامـاق بېـرىلىـپ 4 ئادەم بىر ئۈستەلدە ئولتۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى مەكتەپ تەرىپىدىن ھەقسىز يـۇيۇپ بېرىلەتتى. مەكتەپ ئىچىدىكى مـۇزىكـا، فـوتـو سـۈرەت،

فىك چاۋكۇن، ايۇ جۇشى، ۋۇ شۇخې قاتارلىقلار يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

بۇندىن باشقا 2 - قاراردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە بارغانلاردىن يەنە جاڭ پىڭ (مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى-جاڭ شىگىنىڭ تۇرمۇشلۇق بولغان سىڭلىسى)، ئەن زىشۇ (قورچاق رەئىس لى رۇڭنىڭ كېلىنى)، چيەن جېڭكۇڭ (دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ جاكاچىسى) قاتارلىق 3 ئادەم بار. بۇلار ئېمتىھان ئېلىنمايلا ئەۋەتىلگەنلەر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن دەرسكە رەسمىي قاتناشمىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇلاردىن جاڭپىڭ سىبىرىيەتۆمۈر يولى ئارقىلىق ئىچكىرىگە قايتىپ كەلگەندىن تاشقىرى، ئەن، چيەن ئىككىسىنى شىڭ شىسەي قايتۇرۇپ كەلدى.

## 5 . سەمەرقەنت يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار

1935-يىلى شىڭ شىسەينىڭ ھاۋالىسى بىلەن دىنخانچىلىق - كانچىلىق نازارىتى ۋە مائارىپ نازارىتى مەسئۇل بولۇپ ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق يۈي داشىن، شې چيېن، جۇڭ مىڭجاۋ، ئىسمايىل، ئابباس قاتارلىق 15 - ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەنت يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە بىلىدىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچى 3

چىقىلغاندا، كومپارتىيە ئەزالىرىدىن مىڭ يىمىڭ (شۈيمىڭچۈ)
سىياسىي ـ ئىقتىسات، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، يېڭى
پەلسەپە دەرسلىرىنى ئۆتتۈشكە، خۇاڭ مىڭفۇ (خۇاڭ خۇچىڭ)
بىرلىكسەپ دەرسىنى، چى تيەنيىن خەلقئاراۋەزىيەت دەرس-
نى، شۈي لياڭ جۇڭگو دېخانلار ھەرىكىتى تارىخىي دەرسىنى
ئۆتتۈشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. لىن جىلۇنىڭ ئۆزى جۇڭ-
گو ئىنقىلاۋىي مەسىلىسى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەيتتى.

سوۋېتكە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلار قايتىپ كې-
لىپ، قىسقا مۇددەت تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت
تارماقلىرى ۋە مەدەنىي ـ مائارىپ ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىن-
دى. بەزىلىرى روسچە تەرجىمانلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ-
لارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقىپلا قالماستىن، بەلكى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق
بىلەن ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن بول-
سىمۇ، شىڭ شىسەينىڭ ھەسەتخورلۇقىغا ئۇچرىدى. شۇڭا،
شىڭ شىسەي ھەر قېتىم ناھەق، يالغان ئەنزىلەرنى ئويدۇ-
رۇپ چىقارغاندا، سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇ-
چىلار قولغا ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى يەنە شىڭ
شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ھازىر، سوۋېتتە ئوقۇپ
كەلگەن ئۇ نەچچە قارار ئوقۇغۇچىلاردىن ياشىنىپ دەم ئې-
لىشقا، پېنسىيىگە چىققانلاردىن سىرت يەنە بەزىلىرى ھۆ-
كۈمەت تارماقلىرى ۋە باشقا ئورۇنلاردا رەھبەرلىك ۋەباش-
قا خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە. مەسىلەن: لى تەيبۈي،

# سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تىببىي ئۆگىنىشتىن ئەسلىمە

رېن گويفاڭ، جېن شۇفاڭ

1884 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 10ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكە مەركىزى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە، سەھىيە، تىببىي داۋالاش ئىشلىرى بولغان بولسىمۇ، بىراق پەقەتلا ئۆزىنىڭ تېۋىپلىرى ۋە جۇڭيى دورىلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە ئۈرۈمچىدە چەتئەل ئىبادەتخانىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسىدە چەتنىڭ دوختۇرلىرى ۋە چەتنىڭ دورىلىرى بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئاممىسى ئۇلارغا ئىشەنمەيتتى. ھەتتا قورقۇش كەيپىياتى بولغانلىقتىن، كېسەللەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ داۋالىنىشنى خالىمايتتى. بەزى ئىبادەتخانىلارنىڭ دوختۇرلىرى (زور كۆپچىلىكى مەخسۇس دىن تارقاتقۇچىلار بولۇپ، دوختۇرلۇقنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى) دوختۇرلۇق تېخنىكىسىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دىن تارقىتىش مەقسىدىدە پايدىلىناتتى. ئەينى چاغدا چار روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىدىمۇ دوختۇر ۋە دورىلار بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ سودا فىرمىلىرى ئۈچۈنلا خىز-

نەپەر، ئۇيغۇر ـ قازاق ئوقۇغۇچىلار 6 نەپەر. بۇ ئوقۇغۇچىلار بارغاندىن كېيىن ئايرىم ـ ئايرىم چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى، دېخانچىلىق تېخنىكىسى، ئورمانچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇق قاتارلىق كەسپلەرنى ئۆگەندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ياش كەسپىي خادىملاردىن 12 نەپەرنى تاللاپ، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاشكەنتكە ئەۋەتتى؛ بۇلارنىڭ 10 نەپىرى خەنزۇ، 2 نەپىرى ئۇيغۇر. بۇ 2 قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار 1940 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، تەمرات نازارىتى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىندى. ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىلار پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا رايوندا سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققى قىلدۇرۇش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، دېخانچىلىق تېخنىكىسى، ئورمانچىلىق قاتارلىق سەپلەردە ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشتى.

**قوشۇمچە:**

1935 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىڭ شىسەينىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن مائارىپ نازارىتى ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 12 ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنت تىببىي ئىنستىتوتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. تەپسىلىي ئەھۋال مۇشۇ كىتاپتا ئايرىم تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا توختالمىدىم.

ئۈچۈن ئاشكارا ئېچىلدى.

ئىنقىلاۋىي قۇربان ماۋزېمىن، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ مالىيە نازىرى ۋە خەلق ئىشلىرى نازىرى بولغان ئىدى. ئۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكە غەزىنىسىدىن زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۆلكىلىك دوختۇرخانىنى كېڭەيتتى ۋە ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسى قۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم تىببىي خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى ھەمدە چەتتىن تۇنجى رېنتگېن ئاپاراتىنى شىنجاڭغا ئەكەلدۈردى. شىڭ شىسەي، شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئەينى ۋاقىتنىڭ ئوبيېكتىپ ۋەزىيىتى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قاتار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسى، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 3 قارار ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. بىزنىڭ قارارىدىكى ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس تىببىي بىلىمنى ئۆگىنىشكە چىققانلار ئىدۇق. 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ دوختۇرلۇق ئۆگىنىشكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلدى. ئۇ چاغدا ھەمـ

مەت قىلاتتى. ئۈرۈمچى خەلقى ئۇلاردىن قىلچە نەپ ئا-
لالمايتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بىراچىنكوپ دىگەن
بىر ئاق ئورۇس ئۈرۈمچىگە كېلىپ خۇسۇسى ئامبولاتورىيە
ئاچتى. بىراق ئۇنىڭ باھاسى بەك قىممەت بولغانلىقتىن،
ئەمگەكچى خەلق سوراشقىمۇ پېتىنالمايتتى. 1932 - يىلدىن
كېيىن ماجۇڭيىڭنىڭ جىن شۇرىندىن شىنجاڭنىڭ ھاكىمى-
يەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۇرۇشى كۆنسايىن كەسكىنلەش-
تى. يارىدارلارنى داۋالاش ئۈچۈن، جىن شۇرىن بىراچىن-
كوپنىڭ ياۋروپاچە داۋالاش ئامبولاتورىيىسى ۋە ئىككىچە تە-
مەل ئىبادەتخانىسىنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى يۇقۇرى
باھادا ھۆكۈمەتكە سېتىۋالدى ھەمدە يۇقۇرى تەمىنات بىلەن
ئۇلارنى دوختۇرلۇققا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى
چاغدىكى «تاۋمۇ» ئىبادەتخانىسى (ھازىرقى 1 - دوختۇر-
خانىنىڭ ئورنى) نى ئەپلەپ - سەپلەپ يارىدارلار دوخ-
تۇرخانىسى قىلىپ قۇردى. 1933 - يىلى شىڭ شىسەي شىن-
جاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن،
شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي - شىمال پىدائىلار ئارمىيىسىدى-
كى تىببى خادىملارنى يارىدارلار دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ،
داۋالاش كۈچىنى تولۇقلىدى. شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭ-
يىڭنىڭ ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، يارىدارلار دوختۇر-
خانىسى ئۆلكىلىك دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇندىن
ئېتىۋارەن ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى ياۋروپاچە
داۋالاش دوختۇرخانىسى بارلىققا كېلىپ، خەلق ئاممىسى

ئۈرۈمچى قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، 8 نەپەر ئوغـۇل شىنجاڭ دارىلفۇنۇن، ئۈرۈمچى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە غۇلجىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىدى. كېيىن ئۆلكىلىك ھـۆكۈمەت ئەۋەتكەن فەن زىچۇەن، ۋاڭ جـۇجېي ئەر - ئايال ئىككىسىمۇ بىز بىلەن ئوقۇدى.

بىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قوبـۇل قىلىنغاندىن كېيىن مائارىپ نازارىتى بىز 12 نەپـەر ئوقۇغۇچى ئۈچـۈن قىسقا مۇددەتلىك روسچە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىپ بـەردى. چەتكە چىقىش ئالدىدا مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسئۇلى بىزگە سۆزقىلىپ، بىزنى ياخشى ئۆگىنىپ شىنجاڭنىڭ 1 - ئەۋلات ياۋروپاچە داۋالاش ئىختىساسلىق خادىمى دىگەن شەرەپلىك نامنى قـولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى؛ ھـەربىر ئوقۇغۇچىغا يېڭـى كىيىم - كېچەك ۋە قـوشۇمچە پـۇل تـارقىتىپ بەردى. بىز 1935 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەنى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ 18 يىللىغى خـاتىرە كۈنـى سـوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھرىگە يېتىپ بـاردۇق. بىز دەل بايرام كۈنىگە ئۇلگۈرۈپ بارغانلىغىمىز ئۈچۈن پۈتكۈل تـاشكەنت شەھرى رەڭگا - رەڭ چىراقلار بىلەن بېزەلگەن، ئـاجايىپ قايناق تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىكـەن. بۇ بىزگـە نىسبەتەن بىر قىممەتلىك سىياسى دەرس ئۆتۈلگەندەك بولـدى. شۇكۈنى دۆلىتىمىزنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى بېكەتتىن ياتاق ئورنىغا ئېلىپ باردى. شۇنـ

مىز قىزلار دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتاتتۇق. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىغا رچە ناھايىتى يۇقۇرى بولسىمۇ، بىراق بىز، ئەينى چاغدىكى تىببىي خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرالمايدىغانلىقى ھەمدە ئۇلار جۇڭگو تىلىنى بىلمىگەنلىكتىن كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرگە ناھايىتى قولايسىز بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز شىنجاڭلىقلار تىببىي تېخنىكىنى ئىگەللەپ كەلسەك شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دوختۇرلىرىدىن بولۇپ قالىمىز ھەمدە شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلالايمىز دېگەن ئۈمىت بىلەن ئىمتىھان بېرىشكە تىرىشلاتتۇق. ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقان ياشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. تەخمىنەن 2 ـ 3 يۈزگە يېتەتتى. ئەمما ئىمتىھان شەرتى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، خېلى يۇقۇرى جۇڭگو تىلى سەۋىيىسىگە، مەلۇم روسچە ئاساسقا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىناتتى، يەنە سىياسى نەزەرىيىدىنمۇ سىناق ئېلىناتتى. ئىمتىھان نەتىجىسىدە قىزلاردىن لى شۆيى، رىن گۇيفاڭ، جاۋ ۋېنرۇي، جىن شۇفاڭ، ئۇيغۇرلاردىن لىيۇدىجۇن، سۇن بويىڭ، جاڭ ۋۇ (ھازىرقى ئىسمى جاڭ خىيالدىڭ)، ماچىڭلۇڭ، رەخمىتۇللا، لۇجىيى، رائۇپ، ۋاڭ شىجېندىن ئىبارەت 12 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 4 نەپەر قىز

چىمىز ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدۇق. ھەتتا ئۇدىچۇن 1936-يىلى تىببىيەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئۆتتى ھەمدە شەرەپ بىلەن ستالىن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ 1941 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتتى. بىز تاشكەنت تىببىي ئىنستىتوتىدا داۋاملىق ئوقۇۋاتقان 12 ساۋاقداش روس تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىكلىرىنى تولۇقلاپ ئۆگەندۇق، «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى» قاتارلىق سىياسى دەرسلەرنىمۇ ئۆگەندۇق. 1937 - يىلى ھەممىمىز ئەلا نەتىجە بىلەن تىببىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي داۋالاش پاكولتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردۇق. بۇ دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلى بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولغاچقا بىز ۋە روسىيىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىمىزمۇ ئىنتايىن پاراۋان ئىدى. يۇقۇرى سىنىپقا چىققاندىن كېيىن تاماقخانىدا يۇقۇرى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تاماق ئۈستىلى تەسىس قىلىنىپ تاماقنىڭ سۈپىتى باشقىلارنىڭكىدىن تېخىمۇ ياخشىلاندى. بىز جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇيتتۇق. بىز، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقۇرى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ بىزنى تەربىيىلەش ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپ پۇل خەجلىشىگە كۆز يۇمىز قىيماي،

دىن كېيىن بىز رەسمىي دەرسكە كىرىشىپ كەتتۇق، ئەينى چاغدا بىز ئوقۇغان مەكتەپ ئوتتۇرا ئاسىيا تېببىي ئىنستىتوتى (روسچە قىسقارتىپ يېزىلىشى C·A·M·U· )، مولوتوۋ تېببىي ئىنستىتوتى دەپمۇ ئاتىلاتتى. كېيىن تاشكەنت تېببىي ئىنستىتوتى (روسچە قىسقارتىپ يېزىلىشى TA·M·U)غا ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپتىكى روسىيىلىك ئوقۇغۇچىلار بىزگە ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى، بىر ياتاقتا ياتاتتى ۋە بىر بىر كافىدىرادا تەجرىبە ئىشلەپ باراتتى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىغىمۇ بىللە قاتنىشاتتى. بىزدە «شىنجاڭنىڭ 1 - ئەۋلات ياۋروپاچە داۋالاش ئىختىساسلىق خادىملىرىدىن بولۇش» تىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇ بولغاچقا ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن تىرىشىپ ئۆگەندى، دەرسخانىدا ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، ھەممىمىز دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي قېتىقىنىپ ئۆگىنەتتۇق، بايرام كۈنلىرىمۇ سىرتقا ئانچە چىقمايتتۇق، روسىيىلىك ساۋاقداشلار بىزگە:

— بەلكىم سىلەر ئۇخلىغاندىمۇ ئۆگىنىپ چۈش كۆرىسىلەرغۇ — ھە! دەپ چاخچاق قىلىشاتتى. راستىنىلا كۆپ چاغلاردا دەرس تەييارلاپ چۈش كۆرەتتۇق. بىز قېتىقىنىپ ئۆگەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۆگىنىش نەتىجىمىزمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئوقۇش يېرىمىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەن لۇجۈنى ھېساپقا ئالمىغاندا قالغان 13 -

پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مەكتەپتىكى
ئوقۇتقۇچى ۋە تېخى مەكتەپتىن ئايرىلمىغان رۇسىيىلىك
ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا خوش-
لىشىپ 7 يىل داۋامىدا ئۆگەنگەن تىببى داۋالاش بىلىمىمىز
بىلەن ۋەتەنگە قايتتۇق.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشكە چىققان
بىز 13 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدى-
نى يەردە قويمىدۇق. ئۆلكىلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلى-
نىپ، ئۆز دوختۇرخانىمىزنىڭ ئاق خالتىنى كىيىپ قېرىن-
داشلىرىمىزنى كېسەل ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرغىنىمىزدا قەلبى-
مىز شاتلىققا چۆمدى. ئەمما ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ
سىياسى ۋەزىيىتى زۇلمەتلىك بۇلۇتلار بىلەن تولغان ئى-
دى. سىياسى ئالدامچى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان جاپالىق پەيتىدىن،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە
قارشى يەنە بىر قېتىم دولقۇن كۆتەرگەن پۇرسىتىدىن پاي-
دىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي رەزىل ئەپتى - بەش-
رىسىنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، ئىنقىلاۋىي ئىلغار زاتلارنى
تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلدى. 1943 - يىلى 14 - ئاپرېل كەچ-
قۇرۇن دوختۇرخانىمىزنىڭ باشلىقى جاڭ يۇيشياڭ ۋە 4
نەپەر ئەر يولداشنى قولغا ئالدى. جاڭۋۇ، ماچېڭلۇڭ ئىك-
كىسى كېزىك بولۇپ يېتىپ قالغانلىقتىن تەلىيى ئوڭدىن
كېلىپ تۇتقۇندىن قۇتۇلۇپ قالدى. رائۇپ قەشقەر دوخ-

ئۆزلۈگىمىزدىن كونسۇلخانىغا بېرىپ ئوقۇش راسخودىمىز-نى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدۇق. كونسۇلخانىدىكى خادىملار دەسلەپتە خەلقارا تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئازايتىشقا قوشۇلمىدى، كېيىن بىزنىڭ تەكرار تەلەپ قىلىشىمىز ئارقىسىدا ئوقۇش راسخودىمىزنىڭ 4 تىن 1 قىسمىنىلا ئازايتىشقا قوشۇلدى. كېيىن يەنە كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بۇرۇنقىنىڭ يېرىمىغا ئازايتتى. بىزنىڭ بۇ ھەركىتىمىز مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە روسىيىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇلار:

— جۇڭگولۇق ياشلار تۇرمۇشتا راھەت - پاراغەتنى قوغلاشماي جاپاغا چىداش ئىسىل ئادىتىنى ساقلاپ قاپتۇ. بۇ، مىللەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىنىڭ ئالامىتى-دەپ ئىنكاس قىلىشتى، روسىيىلىكلەرنىڭ بۇ باھاسى بىزنى ئۆزىمىزگە يەنىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ پائال ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ ئوقۇش راسخودىنى تۆۋەنلىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئوقۇش مۇددىتىمىز ئاز قالغان ئىدى. روسىيىلىك ئوقۇغۇچىلار ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشقا ھازىرلاندى. بىز ھەم ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى كۆتۈرۈلىش ئۈچۈن، پائال دەرس تەييارلاپ ۋەتەنگە قايتىشقا ھازىرلاندۇق. 1942 - يىلىنىڭ بېشىدا ئوقۇش

يىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتتىپاق بىرلىشىگە ئېرىشتۇق، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. ھەر بىرىمىز يېڭى جۇڭگونىڭ تىببىي داۋالاش سېپىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلدۇق. يولداش لوجىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، بىراق ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ئىنقىلاۋىي مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زۇلمەتلىك كۈنلەردە يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلات «كۈرەش تەشكىلاتى»نى تەشكىللەپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ ئىنقىلاۋىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1949 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىم، ئابباسوپ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرگە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ماڭغاندا يول ئۈستىدە ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. كېيىن ئىنقىلاۋىي قۇربان دەپ تونۇلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن بىز ئەسلىدىكى 14 ئادەمدىن پەقەت بەشىلەن قالدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە لىيۇدېجۇن ياشىنىپ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن پېنسىيىگە چىقتى. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. جىن شۇفاڭ، يولدىشى ۋاشىجېن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن روھىي زەربىگە ئۇچراپ ئۇ ھەم پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى، ھازىر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش

تۈرخانىسىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى. رەخمىتۇللا غۇلجىغا تۇققان يوقلاشقا بېرىپ كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتى. دوختۇرخانىدا قالغان بىز 5 نەپەر قىز ئوقۇغۇچىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەستىن «خائىنلارنىڭ بالا - چاقىلىرى» دىگەن بەدنام بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدۇق.

شىڭ شىسەيىنىڭ گوماشتىسى، دۇبەن مەھكىمىسى تىبىي باشقارمىنىڭ باشلىغى خۇرۇبېي شەخسەن ئۆزى دوختۇرخانىغا كېلىپ رىن گۈيفاڭنى خوتەن دوختۇرخانىسىدا ئىشلەشكە تەيىنلەپ 3 كۈن مۇددەت ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى.

رىن گۈيفاڭ نائىلاج پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى تاشلاپ يىراق خوتەنگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۇقۇرقىغا ئوخشاش بەدنام بىلەن لى شۈيىنمۇ خوتەنگە بېرىشقا مەجبۇرلىدى. كېيىن يەنە بۇ ئىككىسىنىڭ «ھەمنەپەس» بولۇشىدىن ئەنسىرەپ رىن گۈيفاڭنى قاراشەرگە يۆتكەپ، تۇققان يوقلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى مەنئى قىلدى. ھايات قالغان ئەر ساۋاقداشلار، شىڭ شىسەي ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن يەنى 1945 - يىلنىڭ ئاخىرى تۈرمىدىن چىقىپ، تىڭشىغۇچنى قايتىدىن بويىنىغا ئىسىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، بىز تاكى ئۆلكە ئازات بولغانغا قەدەر تىببى داۋالاش سېپىدە ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ كەلدۇق.

ئازاتلىقتىن كېيىن بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-

## ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى

(1755 – يىلىدىن 1949 – يىلىغىچە)

1755 – يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 – يىلى)

تۇخۇز يىلى

1 – ئاينىڭ 17 – كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەر ئەۋەتىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى تىنجىتتى. خوشۇت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى بەنجۇر قەبىلىدىكى 10 مىڭلىغان ئادىمىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى غەربىي جۇڭغارىيەدىكى قەدىمى قەلئەگە جايلاشتى ۋە بۇ جاينىڭ ئەسلى نامى — ئۈرۈمچىنى قوللاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇڭغارىيەدىكى پىكەندىكشەن تېغىنىڭ ئۈستىگە قىزىل تاملىق «گۇەندى» بۇتخانىسىنى ياسىدى. شۇندىن ئىبتىۋارەن، ئۈرۈمچى ئاددىلاشتۇرۇلۇپ «خۇڭمىياۋزى» (قىزىل بۇتخانا) دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى، قومۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەربىي بېكەتلەر قۇرۇلۇپ، ھەر بىر بېكەتكە ھەربىي ئاشلىق يۆتكەش ئۈچۈن 500 دىن ھۆكۈمەت تۆگىسى ئاجرىتىلدى.

نىڭ دائىمىي ھەيئىتى، لى شۈيى، جاڭ جيابىڭ ئىككىسى ئازاتلىقتىن كېيىن داۋاملىق خوتەن ۋە غۇلجا ئوبلاستلىق دوختۇرخانىدا ئىشلەپ كەلگەن. ئاپتونوم رايونلۇق سياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىدى، ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقتىن يېقىندا ئارقا ـ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. رىن گۇيفاڭ ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسى ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى. پېنسىيىگە چىققان ساۋاقداشلار گەرچە پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ بىراق ئىدىيىدە پېنسىيىگە چىققىنى يوق. يەنىلا «تۇلپارنىڭ ئۆزى قېرىسىمۇ تۇيىغى سوۋۇماپتۇ» دىگەندەك ئۇلۇغۋار غايە، جەسۇرانە ئىرادە بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈچىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا تۆھپە قىلماقتا. ليۇدېجۈن، جۇزۇڭلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يوليورۇقىغا بىنائەن، ياشانغانلار كاناي ياللۇغى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ30نەچچەمىڭ خەتلىك پەن تەتقىقات ئىلمىي ماقالىسى يازدى. جىن شۇ فاڭ خەلق سياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا ھەمكارلىشىپ خىزمەت ئىشلىمەكتە.

(ماقالىدىكى بىر قىسىم ماتىرىياللارنى يولداش زەيپۇيلىن تەمىنلىدى)

ۋە بـارىكۆلدىكى زاپاس ھۆكۈمـەت چىيىدىن ئۈرۈمچىـگە يالاپ ئېلىپ كەلدى ھەمـدە شۇندىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ بـوز يەر ئېچىش ۋە سودا ئىشلىرىـنى نـازارەت قىلىـشقا تەيىنلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئائىـلە تەۋەلـرىنى ئىچكىرىدىن چىقىپ ئـورۇنلىشىشقـا سەپەرۋەر قىلدى. يارلىقتامۇنداق دېيىلگەن:«ھازىر ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىـق قىلىشـقا ئەۋەتىلگەن ئەسكەر سانى 10 نەچچە مىڭغا يەتتى. ئېچىلـدىغان بوز يـەر پايانسىز........ئەسكەرلەرنىڭ خـاتىرجەم ئىشلىشى ئۈچۈن، بالا ـ چاقىلىرىنى يۆتكەپ كېلىشىنى خالىغۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنىدۇ ھەمدە بوز يەرئېچىش ئۈچۈن يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.»

شۇ يىلى، ھەربى تـېرىقچىلىقتىـن مول ھوسۇل ئېلىندى. شەنشى ـ گەنسۇنىڭ زۇڭدۇسى خۇاڭ تىڭگۈي كېلەر يىلقى تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكـە تەييارلىـق كۆرۈش ئۈچۈن، 12 ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئۈرۈمچىدىكى بوز يەر ئېچىش ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى 13 مىڭ 400 گە، ئۇرۇقلۇقنى 24 مىڭ دادەنگە، دېـخانچىلىق سايمانلىرىنى 7000گە كۆپـەيتىشنى ھـەمدە سودىگەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ 3800 ھـارۋا ياسـىتىشنى تەلەپ قىلدى.

1757 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 ـ يىلى)

كالا يىلى

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى جاڭجۈن جاۋخۇي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئېچىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

1758 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى جاڭجۈن چىڭگۇنجاپ 500 نەپەر يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرنى، تۇرپاندىكى ئىمىن غوجا 100 دىن ئارتۇق يەرلىك ئۇيغۇر ئەسكەرنى بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، باركۆلدىن 200 ھۆكۈز ۋە نەچچە يۈز ئات يۆتكەپ كېلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ بوزيەر ئېچىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن باركۆلدىن يەنە 2000 ھەربىي ئات يۆتكەپ كېلىندى. ئۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدە بوزيەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يېشىل تۇغلۇق ئەسكەردىن 500 نەپەر بار ئىدى. يەنە 500 نەپەر ئەۋەتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى قازاق قەبىلىلىرى ئۈرۈمچىدە سودا ـ سېتىق ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەنشى، گەنسۇدىكى ھۆكۈمەت غەزنىسىدە ساقلىنىۋاتقان تاۋار ـ دۇردۇن

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياساۋۇل ئەن تەينى ئۈرۈنباسار دۇتۇڭلۇق نامى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئومۇمى جەھەتتىن باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى.

1760 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى) بېلىق يىلى

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئەن تەي ئۈرۈمچىدىن سانجىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇنبەت يەرلەرگە 4 كەنت قۇرۇپ، ھەر بىرىسىدە 800دىن ئەسكەر تۇرغۇزۇش،ئەسكىرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بىردىن يۇجى ۋە دۇسى تەيىنلەش ھەققىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يولىيورۇق سورىدى.

گەنسۇنىڭ شۈنفۇسى ۋۇداشەن، گەنسۇدىن 2 نەپەر ئۇستا تېۋىپنى تاللاپ، دورا بۇيۇملىرى بىلەن بىرگەئۈرۈمچىنىڭ كەنت قۇرۇپ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى، ھەر قايسى كەنتلەردىكى ئەسكەرلەرنى داۋالاشقا ئەۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شەنشى ـ گەنسۇنىڭ زۇڭدۇسى ياڭ يىڭجۈي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ، يەرلىك ۋە ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە تىدۇ مەھكىمىسى تەسىس قىلىش، يەرلىك مەمۇرى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بىر تۇڭجىزمەھكىمىسى تەسىس قىلىش، ئاشلىق يىغىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىر تۇڭپەن تەيىنلەش، يۇگۇر ـ يىتىم، كىرىم ـ چىـ

شۇ يىلى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقىدە ھەربى قورغان ياسالدى. قورغان سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 1 يېرىم لى، ئېگىزلىكى 1 جاڭ 2 چى (4 مېتىر) كېلىدۇ.

## 1759 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى) توشقان يىلى

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، قازاق قەبىلىسىدىكى چارۋىچىلار نەچچە مىڭ ئاتنى ئۈرۈمچىگە ھەيدەپ كېلىپ 1000 توپ توۋار - دۇردۇنغا سودىلاشتى.

شۇ يىلى، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنچلاندۇرۇلغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ كېتىلدى. مۇھاپىزەت ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى نۇسەننىڭ 10 - ئايدا بەرگەن مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: ھازىر كونا ئەسكەرلەردىن ئۈرۈمچىدە مىڭ نەپەرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سىرتتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا ئەمەلىي تۇرۇۋاتقىنى 674 نەپەر. تېرىلغۇ يەر 15 مىڭ 100 مودىن ئارتۇق، يىغىۋېلىنغان ئاشلىق 12 مىڭ 400 دادەندىن كۆپ (بىر دادەن تەخمىنەن 400 جىڭ كېلىدۇ. تۆۋەندىكىسىمۇ ئوخشاش) يېڭى ئەسكەرلەر 200 نەپەر، ئۇلارنىڭ تېرىغان يېرى 1500مو، ئالغان ئاشلىقى 2240 دادەندىن كۆپرەك. كونا ئەسكەرلەرنىڭ ئالغان ھوسۇلى ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، خان تەرىپىدىن تەيىنلەنـ
گەن مۇئاۋىن دۇتۇڭ ئەن تەي، ئۈرۈمچىدە ئاشلىقتىن مول
هوسۇل ئېلىنغانلىقى ھەققىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمـ
ىتىگە مەلۇمات يوللىدى ھەمدە بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن
ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئاھالىلارنى كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەـ
لەپ قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى 5 كەنتتىن
(ئەسلىدە 4 كەنت كېيىن بىرسى كۆپەيتىپ قۇرۇلغان)
جەمئىي 45 مىڭ 900 دادەن بۇغداي، تېرىق ئېلىنىپ ئامـ
بارغا كىرگۈزۈلدى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئەنشى، سۇجۇ، گەنجۇ،
لياڭجۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سەپەرۋەر قىلىنغان 300
تۇتۇندىن ئارتۇق كەمبەغەللەر بالا ـ چاقىلىرى بىلەن
ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ دېخانچىلىق بىلەن شۇـ
غۇللاندى.

12 ـ ئايدا، ئۈرۈمچىدە سىناق قىلىپ تېرىلغان زىـ
غىردىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ئېلىپ، زىغىر مېيى بىلەن ئۆـ
زىنى تەمىنلىگەنلىكتىن، ياڭ يىڭجۈي چىڭ سۇلالىسى ھۆـ
كۈمىتىگە خوشخەۋەر يوللاپ تەقدىرلەشنى ئىلتىماس
قىلدى.

1762 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 ـ
يىلى) ئات يىلى

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، خېشىنىڭ ھەرقايسى جايـ

قىسم ئىشلىرىغا بىر ئامبارچى تەيىنلەش، يەنە سانجى قاتار-لىق جايغا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىككى نەپەر شۈن جەن تە-يىنلەشنى ئىلتىماس قىلدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سودىگەرلەرنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ سودا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1761 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26 - يىلى) ئىلان يىلى

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش يۈزى-سىدىن ھەر بىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك ئاشلىق نورمىسىنى 5 ئۈچۈم كۆپەيتىپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن بىر تۈر-كۈم جىنايەتچىلەر ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ دىخان-چىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەس-كەرلەر كۆكگۈرت قېزىپ مىلتىق دورىسى ياسىدى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوت-تۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈ-چۈن، يول ئۈستىدە 21 بېكەت قۇرۇلدى. ھەر بىر بېكەتكە 5 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر، 15 نەپەر يېشىل تۇغلۇق ئەسكەر قويۇلدى. 25 ھەربىي ئات، 4 تۆگە تەي-يارلاندى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، جىڭ گېلى ئۈرۈمچىدە قورغان ياساتتى ھەمدە دۈسى يۇڭخەي بىلەن سابىق لەشكەر بېشى ۋۇشىڭنى قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ قۇرۇلۇشقا نازارەت قىلىشقا تەيىنلىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «خۇيلەن» (ھازىرقى لىيۇداۋان)، «لۇيفېڭ» (ھازىرقى چىداۋان)، «جى خۇەي» (ئەسلىدىكى گۇمۇدى، ھازىرقى مىچۇەن ناھىيىسى)، «شۇەنرېن» (ھازىرقى تۇگۇڭ)، «خۇەيىي» (ھازىرقى ئەرگۇڭ)، «نىڭنىيەن» (ھازىرقى سانجى)، «جيادې» (ھازىرقى داۋانچىڭ) قاتارلىق قورغانلارنى بىنا قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىلى جاڭجۇنلىگى تەسىس قىلىندى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى شۇنىڭدەك بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ھەربى ـ مەمۇرى ئىشلىرى ئۇنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار گەنسۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى.

ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە سىرتتىن كۆچۈپ كەلگۈچىلەر كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 500 دىن ئارتۇق دۇكان ئېچىلدى. دېخانچىلىق يېڭى بازارنى تەمىنلەش ئۈچۈن 300 مودىن ئارتۇق يەرگە كۆكتات تېرىدى.

لىرىدىن يەنە بىر تۇركۇم ئاھالىلار ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى. ئۇلار جەمئىي 400 تۇتۇن، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 1500 دىن ئارتۇق ئادەم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىن سۈرگۈن قىلىنغان يەنە بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرمۇ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىندى. سۈرگۈنلەرنىڭ ھەر بىرىگە 12 مودىن يەر بۆلۈپ بېرىلىپ، دېخانچىلىق ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش مو بېشىغا باج ئاشلىق تاپشۇرۇش يەلگىلەندى؛ سۈرگۈنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئۆزلىرى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن 5 مودىن يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىكى تۈگجىڭ، تۈگپەن قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلارغا تامغا ئويدۇرۇپ تارقىتىپ بەردى.

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، گەنسۇدا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 281 نەپەر ئەسكەر، ئائىلە تەۋەلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشتى.

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئۈرۈمچىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچى شىلاڭى ـ جىڭ ئېلى داۋانچىڭ، سانجى دەرياسى (ھازىرقى تۇدۇگخې) ۋە خېيۇەنشەن تېغىدا كان ئېچىپ تۆمۈر تاۋلاپ دېخانچىلىق سايمانلىرى ياساتتى.

لىدىكى قەلئە سېپىلىنى ئىگىزلىكى 1 جاڭ 6 چى،قېلىنلىـ
غىنى 1 جاڭغايەتكۈزۈپ قايتىدىن ياساپ چىقتۇق. يېڭىدىن
4 دەرۋازىنى كۆپەيتتۇق. جانابى ئالىيلىرىنىڭ ئۈرۈمچىقەلـ
ئەسىگە «دىخۇا»، شەرقىي دەرۋازىغا «خۇيفۇ»، غەربىي دەر-
ۋازىغا «فېڭ چىڭ»، جەنۇبىي دەرۋازىغا «جاۋ فۇ»، شىما-
لىي دەرۋازىغا «جىڭ خۇي» دەپ نام قويۇپ بېرىشنى ئىلـ
تىماس قىلىمىز.

1764 ـ يىلى(چيەنلۇڭ 29 ـ يىلى)

مايمۇن يىلى

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قو-
شۇندىكى بىر تۈركۈم ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئۈ-
رۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار جەمئىي 522 تۈتۈن، 1796
نەپەر ئادەم.

1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جىنايىتىنى يۇيۇش ئۈچۈن
ئۈرۈمچىدە يەر تېرىشقا قويۇلغان 191 نەپەر ھەربىي جىنا-
يەتچى «يەرنى ياخشى تېرىپ، تۈزۈمگە رىئايە قىلغانلىقى»
ئۈچۈن، ھەربىلىك سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مۇ-
داپىئەدە تۇرۇۋاتقان يېشىل تۇغلۇق قوشۇنغا قوشۇۋېتىلدى
ھەمدە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ
ئىشلەپچىقىرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە تىدۇمەھكىمىسى
تەسىس قىلىنىپ، باركۆلنىڭ تىدۇسى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ
كېلىندى. ئۈرۈمچىنىڭ لەشكەر بېشى باركۆلگە يۆتكەلدى.

1763 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 28 ـ
يىلى) قوي يىلى

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، شەنشى ـ گەنسۇنىڭ زۇڭدۇ-سى ياڭ يىڭجۈي يۇقۇرىغا دوكلات يوللاپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: «ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ مۇھىم رايونى، فۇجياڭ لەشكەر بېشىغا ئۆزگەرتىلسە، يېڭىدىن ئوتتۇرا يىڭ ۋە قەلئەنى مۇ-ھاپىزەت قىلىش يىڭىنى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئوڭ ۋە سولقانات 2 يىڭ بىلەن قوشۇپ جەمئى 4 يىڭ بارىكۆل تىدۇسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە.»

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياڭ يىڭجۈينىڭ دوكلادىنى تەستىقلاپ، شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋېندىڭ ناھىيىسىدىن يىڭجاڭ دې چاڭنى ئۈ-رۈمچىنىڭ لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، يېڭىدىن 1200 ئېغىز ھەربى گازارما ياسىلىپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قوشۇندىكى 3900 ئەسكەر يېڭى ئۆي بىلەن تەمىنلەندى ھەمدە ئۈرۈمچى دەر-ياسىغا «خۇڭچاۋ» كۆۋرۈگى (ھازىرقى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئەت-راپىدا) ياسالدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ ئىش باشقۇر-غۇچى ئورۇنباسار دۇتۇڭى، شىلاڭ جىڭ گېلىنىڭ پادىشاغا يوللىغان مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈرۈمچىدىكى قەل-ئە كونا، سېپىللىرى توپىدىن ياسالغان، ئايلانمىسى 1.6 چا-قىرىم كېلىدۇ. ھازىر شەھەر كوچىلىرىدا ئۆي ـ دۇكانلار بىر بىرىگە تۇتىشىپ ئىنتايىن زىچلىشىپ كەتتى. ئەس-

1766 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 31 - يىلى)
ئىت يىلى

400 نەپەر سۈرگۈن بالا - چاقىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىشنى تەلەپ قىلىپ، گويا يىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە ئۆمۈر بويى ئىشلەشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈ- رۈشتى. يۇقۇرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدى- كى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىرىنىڭ جازا مۇددىتى 5 يىلغا، مۇددەتلىك جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىرىنىڭ جازا مۇددىتى 3 يىلغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە جازا مۇددىتى توش- قاندىن كېيىن دېخانچىلىق تۇتۇنى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ پۇقرالار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش بەلگىلەندى.

1767 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 32 - يىلى) تۇڭگۇز يىلى

9 - ئايدا، يېڭى «دىخۇا» قەلئەسى كېڭەيتىپ يا- سالدى. قەلئەنىڭ ئايلانمىسى 4 يېرىم چاقىرىم، سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 1 جاڭ 1 چى 5 سۇڭ، ئاستى قېلىنلىقى 1 جاڭ، ئۈستى كەڭلىكى 8 چى، قەلئە خەندىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.8 چاقىرىم. كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى 1 جاڭ قىلىندى. قەلئە 4 دەرۋازىسىنىڭ نامى خان ھوزۇرىدا بېرىلگەن ئەسلى نا- مى بىلەن ئاتالدى. قەلئە ئىچىگە دەسلەپكى قەدەمدە يامۇل مەھكىمىسى، ئىبادەتخانا ۋە ئامبار ئۈچۈن 617 ئېغىز، ھەر- بى گازارما ئۈچۈن 2000 ئېغىز ئۆي سېلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، شۈيجۇ، جاڭيى، دۇڭخۇاڭـ
لاردىن يەنە بىر تۈركۈم كۆچمەنلەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ دېـ
خانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئورۇنلاشتى. ئۇلار جەمئىي
718 تۈتۈن.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە 650 مىڭ مۇ بوزيەر ئېچىلدى
(شەنشى ـ گەنسۇنىڭ زۇڭدۇسى مىڭشەننىڭ1770 ـ يىلدىـ
كى دوكلات ماتېرىيالىدىن ئېلىندى).

1765 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ30 ـ يىلى)

توخۇ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ دېخانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىدىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى. 2900 نەـ
پەر دېخانچىلىق ئەسكىرى ئاشلىقتىن جەمئىي 57 مىڭ دادەن
ھوسۇل ئالدى. ۋالىشچاڭ قاتارلىق 130 تۈتۈنلۈك كۆچمەن
ئائىلە دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئالغانلىقتىن ھۆكۈـ
مەت تەرەپ سەرپ قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇش راسخودىنى مۇدـ
دەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ تۆگىتىشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، 800 تۈتۈن شۈيجۇلۇق،
400 تۈتۈن گاۋتەيلىك كۆچمەنچى ئۈرۈمچىگە كېلىپ دېـ
خانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

12 ـ ئايدا، كونا قەلئەنىڭ شىمالىي سېپىلىغا ئۇلاپـ
لا يېڭىدىن «دىخۇا» قەلئەسى ياسالدى. شۇ يىلى ئۈرۈمـ
چىدە تۇرۇشلۇق قوشۇن شىمگو ئارشاڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تۆمۈر
تاۋلاش زاۋۇدى قۇردى. تۆمۈر تاۋلاش پېچىدىن 5 نى
ياساپ كۈنىگە 500 جىڭدىن چۆيۈن تاۋلىدى.

يول ئۇستىدە كېلىشۋاتاتتى. دېخانچىلىق ئىشلىرىنى تېز يولغا قويۇش ئۈچۈن باركۆل دېخانچىلىقىقا كېرەكلىك ئات ئەۋەتتى. ئۈرۈمچى دېخانچىلىقىقا كېرەكلىك ھارۋىلار- نى ياسىتىپ ياردەم بەردى.

1771 - يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ36 - يىلى) توشقان يىلى

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ۋيېتنام پۇقرالىرىدىن خۇاڭ گۇڭزەن قاتارلىقلار ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم دۆلىتىمىز تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ھەم- مىسى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. يەرلىك دائىرىلەر ئۇ- لارغا تېرىلغۇ يەر، ئۆي، دېخانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقلۇق ئاجرىتىپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى دېخۇا شەھىرىگە قاراشلىق تۇدۇنزى(ھازىرقى ئەرگۈك) غا دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئورۇنلار نەچچە 100 دادەن ئاشلىق يۆتكەپ گەنسۇدىكى ئاپەتكە ئۇچ- رىغان خەلققە ياردەم بەردى.

1772 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 37 - يىلى) بېلىق يىلى

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، دېخۇا قەلئەسىگە 10 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا «گۇنىڭ» قەلئەسى (ھازىرقى لومەن- چېڭ ) ياسالدى. قەلئەنىڭ ئايلانمىسى 9.3 چاقىرىم كېلى-

1768 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 33 ـ يىلى) چاشقان يىلى

6 ـ ئايدا، ئۇردا شائىرى جى‌شاۋلەن، ئۇردا مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىپ، گۇنايىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە پالاندى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، غەربىي جۇجاۋەندىكى سۇرگۇنلەر رايونىغا ئورۇنلىشىپ، تۇرالغۇ جايىنى بېيجىڭدىكى كونا جايىنىڭ نامى «يوۋۋېي ساۋتاڭ» دەپ ئاتىدى. 1770ـ يىلى قويۇپ بېرىلىپ يۇرتىغا قايتتى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە ئادەتتە توپلىغان يېرىك ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن 160 كۇپلېتلىق «ئۈرۈمچى ھەققىدە شېئىرلار» توپلىمىنى يېزىپ چىقتى. بېيجىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن 24 جىلدلىق «يوۋۋېي‌ساۋتاڭ خاتىرىلىرى» دىگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ئاپتورنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە خەلق رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1769 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 34 ـ يىلى) كالا يىلى

4 ـ ئايدا، ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلار يەرلىك مەكەپ ئېچىشنى تەلەپ قىلدى.

1770 ـ يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 35 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

2 ـ ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى جىمسارغىچە كېڭەيتىلىپ، 1150 تۈتۈن كۆچمەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەنە گەنجۇ، شۈيجۇلۇق 250 تۈتۈن كۆچمەن

قۇردى. بۇ ئىلى جاڭجۇنلىگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

1774 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 39 - يىلى) ئات يىلى

شىخۇ ۋەجىگدا يەرلىك مەنسەپلەر تەسىس قىلىنىشغانلىقتىن، شەنشى، گەنسۇنىڭ زۇڭدۇسى چىڭ ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن 2 - ئايدا بۇ ئىككى ئورۇننى ئۈرۈمچىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەردى.

1775 - يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 40 - يىلى) قوي يىلى

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مانجۇ يىگىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ سودا دۇكانلىرى ئېچىشىنى چەكلەش، ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان سودا ئورۇنلىرىغا ئىشەنچلىك، ھاللىق سودىگەرلەرنى قوبۇل قىلىپ تىجارەت قىلىش، ئالغان پايدىنى ئەھۋالغا قاراپ لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

9 - ئايدا، ئۈرۈمچىدىكى سۈرگۈنلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھاراق ئېچىپ ماجراتۇغدۇرۇش ئىشلىرى داۋاملىق سادىر بولغانلىقتىن، يەرلىك رائىرىلەرتىيا تىرخاناۋەقاۋاقخانىلارنى تاقاش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى.

1776 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 41 - يىلى) مايمۇن يىلى

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، 1000 دىن ئارتۇق ۋيېتنام-

دۇ. قەلئەگە 4 دەرۋازا ياسىلىپ شەرقىي دەرۋازا «چىنشى»، غەربىي دەرۋازا «يىچاڭ»، جەنۇبىي دەرۋازا «كۈيتۇڭ»، شىمالىي دەرۋازا «شۇجېڭ» دەپ ئاتالدى. قەلئەگە ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەن مانجۇ يېڭىدىكى 3000 ئەمەلدار ـ ئەسكەر ئورۇنلاشتى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىگە قاراشلىق جىمسار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مۇھاپىزەت، مىڭبېشى ۋە بازۇڭ قاتارلىق مەھكىمىلەر تەسىس قىلىندى ھەمدە 200 نەپەر ئەمەلدار ـ ئەسكەر ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئەۋەتىلىپ مۇھاپىزەتكە قويۇلدى.

1773 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38 ـ يىلى)

يىلان يىلى

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن دىخۋا ئوبلاستىنى قۇرۇپ (7 ـ ئايدا مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئوبلاستقا ئۆزگەرتىلىپ گەنسۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى)، تۇڭجىژنى ئوبلاست باشلىقلىقىغا، ساڭ داشى (ئامبار ئەلچىسى) نى شىمۇغا ئۆزگەرتتى ھەمدە ئاقارتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ يەرلىكنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىنى باشقۇردى.

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە دۇتۇڭ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، يەرلىك ۋە ھەربىي ئىشلارنى باش-

لىنىپ ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلىشى ئۈچۈن 200 مويەربۆلۈپ بېرىلدى. ئەمگەك كۈچى يوقلارنىڭ ھەربىرىگە كۈنىگە يېرىم جىڭ ئاق ئۇن، قىش پەسلىدەبىردىن پاختىلىق كىيىم تارقىتىپ بەردى.

شۇكۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىگە قاراشلىق گۇچۇڭ بوزيەرئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى چىتەي ناھىيىسى قىلىپ قۇردى.

شۇيىلى، ئۈرۈمچىدە قىزىل تاغ «يۈيخۇاڭ» ئىبادەتخانىسى ياسالدى.

1780 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 45 ـ يىلى) چاشقان يىلى

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى نەنسەن رايونىدىكى ئۇزۇنلىغى 240 چاقىرىم كېلىدىغان «يۇڭفىڭ»، «تەيپىڭ» ئىككى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇنىڭ بىلەن 680 مىڭ مۇتېر يلىغۇ يەرنى سۇغۇرغىلى بولىدۇ.

1781 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 46 ـ يىلى) كالا يىلى.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى كۈيلىن ئۇلاستاينىڭ جاڭجۈنلىگىگە، سىچۇەننىڭ تىدۇسى مىڭ لياڭ ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىغىغا تەيىنلەندى.

1782 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 47 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مىڭ لياڭ ئۈرۈمچىدە غەللەپاراق ئىشلىشتىكى خىيانەتچىلىك ئەنزىلەرنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ ئەنزىلەر ئۈرۈمچىنىڭ سابىق دوتۇڭى سۇنۇم سې

لىق شاگىرت ئىشچى دۆلىتىمىزگە كەلدى، ئۇنىڭ 903 نەپىرى بۇنىنەندىن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ دىخانچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىنچە بۇلار باشقۇرۇشقا بويسۇنمىغانلىقتىن ئىلىغا يۆتكەۋېتىلدى.

1777 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 42 - يىلى) توخۇ يىلى

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچىدىكى ئويرات قەبىلىسىنىڭ تەلىۋىنى تەستىقلاپ ئۇلارنى ئالتايغا كۆچۈردى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گەنسۇدا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىدىن 690 تۈتۈن ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كېلىپ يۇزيەر ئاچتى.

1778 - يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 43 - يىلى) ئىت يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ۋېينامىلىق كۆچمەنلەرنىڭ باشلىقى خۇاڭ گۇگزەن كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. يەرلىك دائىرىلەر ئۇنىڭ ئوغلىنى دادىسىنىڭ ئورنىغا تەيىنلىدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچىگە قاراشلىق ماناس بوزيەرئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى ماناس ناھىيىسى قىلىپ قۇردى.

1779 - يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 44 - يىلى) تۆڭگۈز يىلى

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۇرۇمچىدە پاراۋانلىق ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇل-

1788 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ
53 - يىلى مايمۇن يىلى

3 - ئايدا، تاغدىن كەلگەن كېلىپ دىخۇاقەلئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى پۇقرالارنىڭ 500 ئېغىز ئۆيىنى سۇ بېسىپ كەتتى. دۇتۇڭ شاڭ ئەن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلارنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن كەلگەن بېسىپ كەتكەن ھەربىر ئېغىز ئۆيگە بىرسەردىن كۆمۈش قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى.

4 - ئايدا، شاڭ ئەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى قىزىل تاغ ۋە ياۋموسەن تېغىغا راۋاق سېلىندى.

1789 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ
54 - يىلى) توخۇ يىلى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى شاڭ ئەن، «ۋەن چاڭخاۋ» قاتارلىق 3 سودا دۇكىنى ۋە سودىگەرۋەن خۇيىنىڭ دۆلەتنىڭ چەكلەش توغرىسىدىكى ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپ ھالدا روس سودىگەرلىرى بىلەن سودا ئېلىپ بېرىپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن نەچچە مىڭ جىڭ رەۋەن سېتىۋالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ جازالىدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

1790 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ 55 -
يىلى) ئىت يىلى

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى دەرياسىغا كەلگەن كېلىپ مانجۇرىيىگىنىڭ سۇ توگمىنى،

رىن ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلداردىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمگە چېتىشلىق بولغانلىقتىن بۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىدى.

1783 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 48 ـ يىلى) توشقان يىلى

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، مىڭ لياڭ ئىلىغا يۆتكىلىپ مۇۋەپپەق جاڭجۈنلىككە تەيىنلەندى. ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىغىنى خەي لۇ ئۆتكۈزۈۋالدى.

1784 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 49 ـ يىلى) بېلىق يىلى

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى خەي لۇ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش باۋجاڭ، جياجاڭلىق تۈزۈمىنى ئورناتتى. جياجاڭ، باۋجاڭلارنى تەسىس قىلدى، قورالارغا نومۇر قويۇپ نوپۇس ئورناتتى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، چاڭ چىڭ ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا يۆتكەپ كېلىندى. ئۇ 300 نەپەر سۈرگۈننى ئاجرىتىپ تۆمۈر زاۋۇدى قۇرۇپ، كان ئېچىپ تۆمۈر تاۋلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

1. ئۈرۈمچى ئوبلاستىغا قاراشلىق ھەر قايسى جايلاردا جەمئىي 3326 تۈتۈن ئاھالە بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 14 مىڭ 322 نەپەر، ئاياللار 12 مىڭ 386 نەپەرنى تەشكىل قىلىدۇ.

2. ئۈرۈمچى رايونىدا 987 مىڭ 789 مو تېرىلغۇ يەر بار. 498 تۈتۈنلۈك سودىگەر قوشۇمچە 27 مىڭ 900 مو يەرگە كۆكتات تېرىيدۇ؛ 112 تۈتۈنلۈك سودىگەر قوشۇمچە 1806 مو يەرگە ئاشلىق تېرىيدۇ.

3. ئۈرۈمچى رايونىدا ساقلىنىۋاتقان زاپاس ئاشلىق 1 مىليون 255 مىڭ دادەن؛ ئۈرۈمچى ئىسكىلادىدا ساقلىنىۋاتقان زاپاس ئاشلىق 136 مىڭ 200 دادەن.

4. دىخۇا ئوبلاستىغاقاراشلىق 7 ئالتۇن كان بار بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدۇ. ئۈرۈمچى رايونىدا 2 ئالتۇن كان بار. يىلدا 200 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن ئايرىيدۇ.

5. ئۈرۆمچى تۆمۈر زاۋۇدىدا ساقلىنىۋاتقان چۆيۈن 1 مىليون 103 مىڭ 213 جىڭ، تۆمۈر 70 مىڭ 800 جىڭ كېلىدۇ.

1796 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 1 - يىلى) بېلىق يىلى

3 - ئايدا، يۇڭ باۋ «ئۈرۈمچىدىكى ئىشلار» دېگەن كىتاۋىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «دىخۇا قەلئەسى........ قەلئە سىرتى غەربىي - شىمال يېقىن ئەتراپىدا ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان ۋە بازار بار بو-

ئۆي ـ جاي، زاپاس ئاشلىقلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى.

1791 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ
56 ـ يىلى) تۇخگوز يىلى

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شاڭ ئەننىڭ يۇقۇرىغا يوللىغان مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئۈرۈمچىگە سۈرگۈن قىلىنىپ قۇل قاتارىدا ئىشلەۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ سانى ھازىر 3200 دىن ئېشىپ كەتتى.

1793 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ
58 ـ يىلى) كالا يىلى

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئەمەلدارلار مەھكىمىسى داۋانچىڭدا ئاشلىق باشقۇرۇش ئەمەلدارى تەسىس قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىپ تەستىقلىدى.

1794 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ
59 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يارلىق چۈشۈرۈپ،ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى شاڭئەن ۋەزىپەئۆتىگەن 10 يىل جەريانىدا يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن بېيجىڭغا قايتىپ مۇكاپات قوبۇل قىلىشنى ئۇقتۇردى.

1795 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ
60 ـ يىلى) توشقان يىلى

مۇشۇ يىلغا قەدەر بولغان ئىستاتىستىكا مەلۇماتتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايوننى ئېچىشنى تەستىقلىدى.

1804 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 9 - يىلى) چاشقان يىلى

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، چيەنلۇڭ 36 - يىلى (1771 - يىلى) ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋيېتنامىلىق سودىگەر خۇاڭ گۇڭزەننىڭ ئەۋلادىدىن 22 تۈتۈن ئۆز دۆلىتىگە قايتىشنى ئىلتىماس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنى تەستىقلىمىدى.

1805 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 10 - يىلى) كالا يىلى

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە زاپاس ئاشلىق توپلاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن: «دىخۇا ئوبلاستىنىڭ يېرى مۇنبەت، ئۈرۈمچى ئەتراپى ئەڭ مۇھىم رايون، ھازىر ساقلىنىۋاتقان زاپاس ئاشلىق ئاران 130 مىڭ دادەن بولۇپ بۇ بەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ ........دىخۇا ئوبلاستىغا كېلەر يىل كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ، ئىككى يىلغا بۆلۈپ بازار باھاسىدا ئاشلىق سېتىۋېلىپ زاپاس ئاشلىق ساقلىشى ھەققىدە يارلىق چۈشۈردۇق.

1806 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 11 - يىلى) يولۋاس يىلى

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەن

لۇپ، شەرقىي تەرىپىدە ئۆي ـ جايلار يوق ئىكەن. نەنگۇەن كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 3.2 چاقىرىم كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) ياسالغان كونا قەلئە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرلىك ئەمەلدارلار جايلاشقان رايون ئىكەن، سودىگەرلەرمۇ مۇشۇ قەلئەدە تۇرىدىكەن. قەلئەنىڭ جەنۇبىي ـ شىمال تەرىپىدە سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى، بازار بولۇپ، خۇددى چوڭ شەھەرلەردەك ئاۋات ئىكەن».

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىن ئالىدىغان يىللىق باجنىڭ 3 تىن 1 قىسمىنى كېچىرىم قىلىپ، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىشىغا ئىلھام بەردى.

### 1799 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 4 ـ يىلى) قوي يىلى

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچىنىڭ دوتۇڭى شۇلىنىنىڭ غەزنىدىكى لەشكەر ۋە ھەربى ئاتلارنىڭ خىراجىتىدىن 20 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ھەققىدە يازغان دوكلادىنى تەستىقلىدى.

### 1802 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 7 ـ يىلى) ئىت يىلى

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىنىڭ لۇساۋگۇ (دۇگىسەن)، تاشىخې (تۇدۇگخې) بوز

يۆتكىدى.

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چىڭسۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىنىڭ دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.

1813 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 18 ـ يىلى) توخۇ يىلى

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى؛ چىڭسۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىنىڭ جاڭجۈنى پۇچاڭنى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا يۆتكىدى.

1814 ـ يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 19 ـ يىلى) ئىت يىلى

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، پۇچاڭنى شىڭجىڭنىڭ جاڭجۈنلىگىگە يۆتكەپ، تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يى چۈڭئانى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا يۆتكەپ كەلدى.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، رېخې (ئىسسىق دەريا)نىڭ دۇتۇڭى گاۋچىنى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا يۆتكىدى.

1816 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 21 ـ يىلى) چاشقان يىلى

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرغاقچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك دائىرىلەر باج ـ سېلىقلارنىڭ ۋاقتىنى كېيىنگە سۈرۈشنى بەلگىلىدى ھەمدە قەرز ئاشلىق ۋە ماددى ياردەم بەردى.

1817 ـ يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 22 ـ يىلى) كالا يىلى

جىناتچىلەرنىڭ قولluق مۇددىتى 20 يىلغا توشقان بولۇپ يېشى 70 تىن ئاشقانلار ھەمدە ئۆز نىسپىسىگە شۈكرى قىلىپ قانۇنغا بويسۇنغانلار ياكى قۇللۇق مۇددىتى 20يىلغا توشمىغان بولسىمۇ يېشى 70 كە توشقان ھەمدەئۆزنىسپىسىگە شۈكرى قىلىپ قانۇنغا بويسۇنغانلارنى قويۇپ بېرىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىش؛ قۇللۇق مۇددىتى 20 يىلغاتوشۇپ، ئۆز نىسپىسىگە شۈكرى قىلىپ قانۇنغا بويسۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ بىراق يېشى 70 كە يەتمىگەنلەرنى يەنە 3 يىل شاگىرتلىقتا ئىشلىتىپ، مۇددىتىتوشقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەتقىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، يەرلىك دائىرىلەر ئۈرۈمچىدىكى كۆمۈر سودىگەرلىرىنى تارباغاتايغا بېرىپ كۆمۈر كانى ئېچىشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

1808 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 13 ـ يىلى) يېلىق يىلى

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى نەنسەن ئالتۇن كانىنى «كان كونىراپ، تاغ قۇرۇقلىنىپ قالغانلىقى» ئۈچۈن تاقاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

1809 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 14 ـ يىلى) يىلان يىلى

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىنگشيانىڭ جاگجۇنى شىڭكۈينى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا

تۇغلۇق خەنزۇ قوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار دۇتۇڭى يىلىكخۇينى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا تەيىنلىدى.

1823 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 3 ـ يىلى) قوي يىلى

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، نايەنچىڭنىڭ يۇقۇرىغا يوللىغان مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: سودىگەرلەر يىلدا تۆگە كارۋىنى بىلەن ئىچكىرىدىن 7000 يەششىكتىن كۆپرەك كۆرەك چاينى موڭغۇل يايلاقلىرىدىن تاكى چىتەيگىچە بولغان مۇساپىنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ، ھەر قايسى جايلارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. ھەربىر يەششىك چاينى 100 جىڭ ھىساپلاپ باج ئېلىنىۋاتىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، چىڭسۇلالىسى ھۆكۈمىتى سودىگەرلەرنىڭ يىلدا 7000 يەششىكتىن كۆپرەك كۆرەك چاي يۆتكەپ، چىتەي، ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئاشلىققا تېگىشىشكە رۇخسەت قىلىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى.

1824 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 4 ـ يىلى) مايمۇن يىلى

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بوز يەرلەردىن مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ھەربىرىگە بىر ئايلىق تۇرمۇش پۇلى ئىنئام قىلدى.

ة - ئاينىڭ 13 - كۈنى، رېخېنىڭ دۇتۇڭى چىڭ شياڭنى ئۇرۇمچىنىڭ دۇتۇڭلىغىغا يۆتكىدى.

1891 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 24 - يىلى) توشقان يىلى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، چىڭ شياڭنى ئىلىنىڭ جاڭجۈنلىگىگە، تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى گۇڭجۇ- كجاپنى ئۇرۇمچىنىڭ دۇتۇڭلىغىغا يۆتكىدى.

1820 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 25 - يىلى) بېلىق يىلى

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جاھانگىر خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتەردى. ئۇرۇمچىنىڭ يەرلىك دائى- رىلىرى لوساۋگو، تودوگخې قاتارلىق جايلاردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنى كېڭەيتىپ پائال ئاشلىق ئېشلەپچىقىرىپ، ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ھازىرلىق كۆردى.

1821- يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 1 - يىلى) يىلى يىلان

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چېگرا رايونلارنى تىنچلان- دۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچى غەزىنىدىن 100مىڭ سەركۈمۈش ئاجرىتىپ ئىلىغا ياردەم قىلدى.

1822 - يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 2 - يىلى) ئات يىلى

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇرۇمچىنىڭ دۇتۇڭى دې يىڭئانى خېيلوڭجياڭنىڭ جاڭجۈنلىگىگە يۆتكەپ، قىزىل

دىخانچىلىقتىن يەنە مول هوسۇل ئېلىنىپ، لەشكەرلەر يۇقۇر-قىغا ئوخشاش ئىنئامغا ئېرىشتى.

1828 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 8 - يىلى) چاشقان يىلى

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭى باستۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ نورمال ھالىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، نايەنچىڭنىڭ يۇقۇرىغا يوللىغان مەلۇماتىدا مۇنداق دىيىلگەن: يىلدا گەنسۇدىكى ھۆكۈمەت چىيىدىن 200 مىڭ تاختىدىن ئارتۇقراق ئېلىپ كېلىنىدۇ، بىراق كۆچۈكدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر قايسى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىۋاتقان ھۆكۈمەت چېيى 4- 5 يۈزمىڭ تاختىغا يېتىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ يوشۇرۇن يۆتكەپ ئەتكەسچىلىك قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق، ھەر قايسى جايلارغا ئىدارە تەسىس قىلىنىپ تەكشۈرۈلسە.

12 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئېچىپ قىلىنغان دىخانچىلىقتىن ئىنتايىن زور مول ھوسۇل ئېلىندى.

1829 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 9 - يىلى) كالا يىلى

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يەرلىك دائىرىلەر كۆچۈكنىڭ خۇباۋزى(ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ ئىچى) دىگەن جايىدا چازا قۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە چاي يۆتكىگەن سودىگەر-

1825 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 5 ـ
يىلى) توخۇ يىلى

1 ـ ئايىنىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى يىڭ خۈي يۇقۇرىغا دوكلات يوللاپ، دىخۋا قەلئەسىنىڭ شەرقىغە مانجۇيىڭى ئۈچۈن توپىدىن قەلئە ياساپ (ھازىرقى جەنگويولى ئەتراپى) مانجۇيىڭدىكى ئەسكەرلەرنى قەلئەگە كۆچۈرۈپ تۇرغۇزۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

1826 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 6 ـ
يىلى) ئىت يىلى

9 ـ ئايىنىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگە 50 مىڭ دادەن ئاشلىق يۆتكىدى.

10 ـ ئايىنىڭ 17 ـ كۈنى، يەنە 250مىڭ دادەن ئاشلىقنى قاراشەھەرگە يۆتكىدى.

12 ـ ئايىنىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئېچىپ قىلىنغان دىخانچىلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتورگۈچى لەشكەرنىڭ ھەربىرىگە بىر ئايلىق ئاش ـ تۇز ئۈچۈن كۈمۈش ئىنئام قىلدى.

1827 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 7 ـ
يىلى) تۇڭگۇز يىلى

4 ـ ئايىنىڭ 19 ـ كۈنى، ئىچكى ئۆلكىلەر ئۈرۈمچىنىڭ ئاشلىق يۆتكىشى ئۈچۈن 13086 تۆگە ياردەم قىلدى.

12 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنى، بوز يەر ئېچىپ قىلىنغان

تۇرۇپ قىلىنغان دىخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىخانچىلىق ئەسكەرلىرىگە بىر ئايلىق تۆرمۈش راسخودى(كۆمۈش) ئىنئام قىلدى.

1840 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ
20 - يىلى) چاشقان يىلى

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچىلىك سودىگەر رۇڭ جىشياڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئوغرىلىقچە 7200 سەر چەتئەل ئەپيۇنى ئېلىپ ساتتى، يەرلىك ئاھالىدىن فېڭ يۈيشۇمۇ چەتئەللىك سودىگەرلەردىن يوشۇرۇنچە ئەپيۇن ئېلىپ ساتتى. شۇ چاغدا ئەپيۇن سېتىش ئەنزىسىدىن ئۈرۈمچىدە 30 نەچچىسى ئېنىقلاندى. يەرلىك دائىرىلەر ئۇلارغا قانۇن بويىچە چارە كۆردى ھەمدە ئەپيۇننى چەكلەش ھەققىدە يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق ئېلان قىلىپ كۆكنار گۈلى تېرىشنى قەتئىي مەنئى قىلدى.

1842 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ
22 - يىلى) يولۋاس يىلى

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشىنىڭ زۇڭدۇسى لىن زېشۈي ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىپ خىزمەت كۆرسىتىپ «كۈنايىنى يۇيۇش» ئۈچۈن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىئەندىن يولغا چىقىپ 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ چېگرىسىغا كىردى. ئۇ بىر تەرەپتىن يول يۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئويغا چۆمۈپ

لەرنىڭ باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

1830 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 10 - يىلى) يولۋاس يىلى

2 - ئاينىڭ 8- كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئىچىلغان بوز يەرلەردىن مول ھوسۇل ئېلىندى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لەشكەرلەرگە بىر ئايلىق ئاش - تۈز پۇلى ئۇچۇن كۈمۈش ئىنئانە قىلدى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۈرۈمچىدىن 700 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئاق ئۇن يۆتكەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ياردەم بېرىلدى.

1832 - يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 12 - يىلى) بېلىق يىلى

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بوز يەرلەردىن مول ھوسۇل ئېلىندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لەشكەرلەرگە بىر ئايلىق ئاش - تۈز ئۈچۈن كۈمۈش ئىنئانە بەردى.

1834 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 14 - يىلى) ئات يىلى

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى چېڭ گې كېسەل سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەركەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چاڭ چىڭنى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلۇقىغا تەيىنلىدى.

1837 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 17 - يىلى) توخۇ يىلى

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئۆزلەش-

ھەمدە جىشاۋلەنىڭ كونا تۇرالغۇ جايى «يۈۋىي ساۋتاڭ»نى زىيارەت قىلىپ ئۈرۈمچىنىڭ پانۇس بايرىمىنى تاماشا قىلدى.

1846 ـ يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 26 ـ يىلى) ئات يىلى

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىنىڭ جاڭجۈنى سايىڭئانى ئۈرۈمچى رايونى قاتارلىق جايلارنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە دېخانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ سۇغۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى.

1848 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 28 ـ يىلى) مايمۇن يىلى

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، گەنسۇنىڭ تەپتىشى يۈن لىن لەشكەر بېشى سۇۋىن يۇقۇرىغا دوكلات يوللاپ، ئىئانە پۇل يىغىپ ئۈرۈمچى سېپىلىنى رېمونت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

1851 ـ يىلى(چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 1 ـ يىلى) تۇڭگۇز يىلى

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى سۈرگۈنلەردىن 678 نەپىرى قېچىپ كەتكەنلىكتىن، دۇتۇڭ يۈنشۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئۈرۈمچىدە باۋجالىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، سۈرگۈنلەرنى قاتتىق كونتۇرۇل قىلىش نىزامنامىسىنى يۈرگۈزۈشنى تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ تىندۇسى گۈيە

كويا بەزى جايلارنى ئەسلىگەندەك مۇنداق دەپ شېئىر ئوقۇدى:

«بەش قولدەك تۇرىدۇ قارلىق تىيانشان،
غەرپكە ئۇندەيدۇ ھەم بولۇپ ھەمرا.
ئەۋلىيا، ماشايىخ كۆلدى مەن بىلەن،
ئىرىمەس ئاق چېچىم قار كەبى ئەمما.»

1844 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 24 - يىلى) بېلىق يىلى

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇيەنتەيىنى ئۈرۈمچىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى ھەمدە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇيەنتەيگە، لىن زېشۈينى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ دېخانچىلىق ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلاپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

1845 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 25 - يىلى) ئىلان يىلى

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، لىن زېشۈي قويۇپ بېرىلدى. ئۇ قايتىش يولىدا ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە قىزىل تاغ ھەققىدە مۇنداق نەزمە ئوقۇدى:

«مەستخۇش بولدۇم نەزمە ئوقۇپ ئېتىخاردا،
مەي ۋىلىلدار قاسراقسىمان شوخ شامالدا.»

تـەسىس قىلىنىپمىس پۇل قۇيۇپ چىقاردى. 1200 داچەن مىس پۇل بىر سەر كۈمۈش قىممىتىگە باراۋەر كېلەتتى.

1860 ـ يىلـى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 10 ـ يىلى) مايمۇن يىلى

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى «خەنچىڭ» (خەنزۇ) قەلئەسىنىڭ ئىسكىلادىغا ئوت كېتىپ 189 يەششىك ھۆكۈمەت چېيى كۆيۈپ كەتتى.

1861 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 11 ـ يىلى) توخۇ يىلى

12 ـ ئـاينىڭ 3 ـ كـۈنى، چىڭ سـۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلاستاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى پىڭرۇينى ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «جىشاڭتۇڭ» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلاپ، مەخسۇس جۇڭگو چېيى سېتىۋالدى ھەمدە ئۆكتەملىك بىلەن خەنكۇدا چاي زاۋۇدى قۇردى.

1862 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىز 1 ـ يىلى) ئىت يىلى

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كـۈنـى، بـارىكۆل ـ دىخۇانىڭ داۋىيىگى گۈەن يىڭشۇ ماناسنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇندىكى لەشكەرلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. لەشكەرلەر ئۇنى بۇتخانىغا سۆرەپ كىرىپ يىغلىپ قالغان ماتاشىنى بىرىشكە قىستىدى. پىڭ رۇي ئـەسكـەر

منىڭ يۇقۇرىغا دوكلات يوللاپ، مىلتىق، زەمبىرەك ياساش ۋە ھەربىي مانېۋىر ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى.

شۇ يىلى، چاررۇسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ «ئىلى، تارباغاتاي سودا ئالاقىسى نىزامنامىسى»نى تۈزدى، روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «تيەنشىڭ» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلىدى.

1852 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 2 - يىلى) چاشقان يىلى

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «رېنجۇڭشىن» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلىدى. 500 مىڭ رۇبلى مەبلەغ سېلىپ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى.

1857 - يىلى(چىڭسۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 7 - يىلى) يىلان يىلى

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قوشۇن ئاچقان مىس زاۋۇدى مىس پۇل قۇيۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چىڭسۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈۋجى يەنلۇغا گۈللۈك پەي تاجا،مىڭبېشى لىكېغا كۆك پەي تاجا ئىنئام قىلدى، خىزمەت كۆرسەتكەن باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

1859 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 9 - يىلى) قوي يىلى

ئۈرۈمچىدە «باۋدېجۈي»(دىنخۇانى ئېچىش ئىدارىسى)

ئۇرغۇن ئادەملەر زەخىملەندى. يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ماددى ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇشقا كۆچى يەتمىدى.

5 ـ ئايدا، پىڭرۇي ھەربى ئاشلىق يىغىش ھەققىدە بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئۇرۇمچىگە قاراشلىق ھەر قايسى ناھىيىلەرگە مەجبۇرى ئالۋاڭ چاچتى.

6 ـ ئايدا، پىڭرۇي دىخۇا ئوبلاستىنىڭ باشلىغى زافۇغا جىددى ئاشلىق يىغىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. «مۇ بېشغا سېلىنغان ئېغىر ئالۋاڭ، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ مەجبۇرلاشلار» ئۇرۇمچى ـ نەنسەندىكى خەنزۇ، خۇيزۇ دىخانلارنىڭ ئاشلىق يىغىشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىسيان كۆتىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى دىخانلار بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، پىڭرۇي، نېبوچۇڭگېنى ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ نەنسەنگە بېرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خەنزۇ دىخانلار قوشۇنى (团练) نىڭ رەھبىرى شۈيشۆگۈڭ، خۇيزۇ قوشۇنىنىڭ رەھبىرى مامىڭ قاتارلىقلار خەنزۇ، خۇيزۇ قوزغىلاڭچى دىخانلارنى باشلاپ «گۇگىنىڭ» قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. پىڭرۇي ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالدى.

8 ـ ئايدا، تودېلىن قالايمىقانچىلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇمچىدە ئۆز ئالدىغا «مۇسۇلمان خانلىغى»نى تىكلەپ، فېڭسۇۋنىڭ ئوغلى سۇخۇەنجاڭنى يۈەنشۇەيلىككە،

ئەۋەتىپ باستۇردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باشلامچىلىق قىلغان لەشكەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

شۇ يىلى شەنشىلىك خۇيزۇ ئاخۇن تودىلىن پالچى قىياپىتىدە ئۈرۈمچىگە ئىبقىپ كىردى.

1863 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىڭ 2 - يىلى) تۇڭگۇز يىلى

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، پىڭرۇي پادىشاغا مۇنۇلارنى مەلۇم قىلدى: «ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ھەر قايسى شەھەرلەر-دە نەچچە يىلدىن بۇيان ئايلىق مائاش تولۇق تارقىتىلمىغان-لىقتىن لەشكەرلەر قىينچىلىقتىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامال-سىزقالدى. پېقىر پىڭرۇيىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ھازىر سودىگەرلەردىن 50 مىڭ سەردىن كۆپرەك ئىئانە كۈمۈش توپلاندى».

4 - ئاينىڭ 13-كۈنى، پىڭرۇي پادىشاغا: «ئۈرۈمچى-دىكى نامراتلارنىڭ سانى كۈنسېرەپ ئاشماقتا، ئۇلار ئاچ - يالىڭاچلىق دەردىدە زارقاخشىماقتا، بۇ ئەھۋال كىشىنى ئېب-چىدۇرىدۇ»دەپ مەلۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقنى ئىشلىتىپ قۇتقۇزۇش»نى تەستىقلى-دى. بىراق ئىسكىلات قۇرۇق ئىبلىپ چىققىدەك ئاشلىق يوق ئىدى.

1864 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىڭ 3 - يىلى) چاشقان يىلى

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە يەر تەۋرەپ

قىلىپ، ياقۇپ بەگنى يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىدىن قوغلاپ چىقاردى.

6 - ئايدا، شۆيشۆگۇك ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ قەلئەسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىغا قوشۇنىنى يىغىپ، ياقۇپ بەككە قوغلاپ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. بىراق دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ شاشەنزىگە چېكىندى. ياقۇپ بەگ 3 - قېتىم ئۈرۈمچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەدەپ قىرغىنچىلىق قىلىپ ئۆچ ئالدى. مامىڭنىڭ ئاكىسىنىڭ تىلىنى كېسىپ، يۈرىكىنى ئويۇۋېلىپ ۋەھشىيانە ئۆلتۈردى.

7 - ئايدا، قىچىپ بارىكۆلدە تۇرۇۋاتقان ئۈرۈمچىنىڭ دۇتوڭى جىڭلىيەن، تىدۇ جاڭيۈيچۈننى چىڭ ئەسكەرلىرىدىن 200 نى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتارما ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بىراق ئۇلار ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى.

1873 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىز 12 - يىلى) توخۇ يىلى

3 - ئايدا، بەييەنخۇ شەنشىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ مەغلۇپ بولغان خۇيزۇلارنى باشلاپ ئىچكىرىدىن چىقتى.

10 - ئايدا بەييەنخۇ تۇرپانغا كەلگەندە ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى ھەمدە ئۈرۈمچىگە كىرىپ ياقۇپ بەگ ئۈچۈن گۇمۇدىدىكى شەرقىي لىنىيە بازىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويۇلدى.

كاتىپ ماشىڭنى سەردارلىققا تەيىنلىدى.

1865 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىز 4 - يىلى) كالا يىلى

1 - ئايدا، چاررۇسىيىنىڭ قوتىرىتىشى بىلەن قوقاننىڭ ھەربىي ئىشلار قوماندانى ياقۇپ بەگ دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، «بەخت دۆلىتى» قورچاق ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

1870 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىز 9 - يىلى) ئات يىلى

3 - ئايدا، ياقۇپ بەگ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

1871 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىز 10 - يىلى) قوي يىلى

6 - ئايدا، خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلار قوشۇنى زىچ ماسلىشىپ، ئۈرۈمچىنىڭ قورچاق مەمۇرى ئەمەلدارى ماجۇڭنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى، ھەمدە ياقۇپ بەگنى ئۈرۈمچىدىن قوغلاپ چىقاردى.

12 - ئايدا، سۇخۇەنجاڭ ھەقىقەتكە قايتتى، تودېلىن ماناسقا قاشتى، ياقۇپ بەگ دېھقانلار قوشۇنىنىڭ تودېلىنغا قوغلاپ زەربە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 2 - قېتىم ئۈرۈمچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

1872 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىز 11 - يىلى) مايمۇن يىلى

2 - ئايدا، شۈيشۈگۇڭ، مامىڭلار بىرلىشىپ ھۇجۇم

1877 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 3 ـ يىلى) كالا يىلى

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ليۇ جىنتاڭ ئەسكەر باشلاپ ئۈرۈمچىدىن چىقىپ داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ياقۇپبەگ، بەي يەنخۇلار مەغلۇپ بولۇپ داۋانچىڭدىن چېكىندى.

5 ـ ئايدا، ياقۇپبەگ كورلىدا ئۆلدى، بەي يەنخۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق روسىيىگە قېچىپ كەتتى.

1878 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 4 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 80 مىڭ سەر كۈمۈش مەبلەغ ئاجراتتى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، زوزۇڭتاڭ يۇقۇرىدىن شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1879 ـ يىلى(چىڭسۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 5 ـ يىلى) توشقان يىلى

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىكى قېپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يەرلىك ئەمەلدارلارغا «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، قەلئە، قورغانلارنى ياساش، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى ئادالاش، مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىش» ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

1875 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 1 - يىلى) تۇڭگۇز يىلى

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەنشى، گەنسۇنىڭ زۇڭدۇسى زوزۇڭتاڭنى پادىشاغا ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ ھەربى ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا، جىن شۈننى شىنجاڭنىڭ ھەربى ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە، قوشۇمچە ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭلىقىغا تەيىنلىدى.

1876 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 2 - يىلى) چاشقان يىلى

6 - ئايدا، ليۇ جىنتاڭ باش قوماندان، جىن شۈن سەردار بولغان، 100 يىڭ جەمئى 60 مىڭ كىشىلىك خۇنەن قوشۇنى شىنجاڭغا كىردى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن بەي يەنخۇ گۇمۇدىدا قاتتىق ئۇرۇشتى، بەي يەنخۇ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىنىڭ ليۇداۋان تېغىغا چىقىپ ياقۇپبەگ قوشۇنىنى توپقا تۇتتى. ياقۇپبەگ، بەي يەنخۇلار مەغلۇپ بولۇپ داۋانچىڭغا قاچتى. چىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي دەرۋازىدىن دىخۇا شەھرىگە كىرىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئورۇنباسار جاڭجۈنى ھۇسەيننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ ھەر مىللەت ئاممىسىنى خاتىرجەم قىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ليۇداۋانغا «بىرلا توپقا تۇتۇپ غەلىبە قىلىش» خاتىرە قورغىنىنى ياسىدى.

ئشلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. گۇاڭ- دۇڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تىدۇسى جاڭ ياۋنى شىنجاڭ- نىڭ ھەربى ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە يۆتكىدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، روسىيىگە ئەلچىلىككە چىققان ۋەزىر زىڭجىزې بەي يەنخۇنى قايتۇرۇپ بې- رىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «دېخې» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەتكە كىرىشتى ھەمدە ئۇ- لار ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن رايونىدا يايلاقلارنى ئۆكتەملىك بىلەن ئىگەللىۋېلىپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن پايدا ئالدى. ئۈزۈن ئۆتمەي ئۇلار- نىڭ مەبلىغى 1 مىليون رۇبلىغا يەتتى.

1882 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي
8 - يىلى) ئات يىلى

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە يەر تەۋرىدى. ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى گۇڭ تاڭ يەرتەۋرەش ئەھۋالىنى خان ئوردىسىغا دوكلات قىلىپ ئەنگە ئالدۇردى.

شۇ يىلى روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «ماۋشېڭ» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلىدى ھەمدە ئۇلار ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن رايونىدا يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋېلىپ، قوشۇمچە دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

1880 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 6 - يىلى) بېلىق يىلى

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، كونا دىخۇا قەلئەسىنىڭ شەرقى - شىمالىي تەرىپىگە مانجۇ قەلئەسى (ھازىرقى جيەنگو يولى ئەتراپى) ياساش ئۈچۈن مۇقىم تۇرۇشلۇق قوشۇن يۆتكەپ كېلىندى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يېڭىدىن ياسالغان مانجۇ قەلئەسى پۈتۈپ مانجۇ يىڭىدىكى ئەمەلدار - ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى كۆچۈپ كىردى. ئەسلىدىكى دىخۇا قەلئەسىگە سودىگەرلەر ئولتۇراقلىشىپ ئۇنى ئاد- دىلاشتۇرۇپ «خەنزۇ قەلئەسى» دەپ ئاتىدى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «جىلى» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەتكە كىرىشتى. ئۇلار رو- سىيىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا شىنجاڭنىڭ پاختا، تېرە - يۇڭلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بىر نەچچە يىلغا بارمايلا مەبلىغى 700 مىڭ رۇبلىغا يەتتى.

1881 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 7 - يىلى) يىلان يىلى

1 - ئايدا، «جۇڭگو روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار سودا شەھىرى قى- لىنىپ، روسىيىنىڭ سودا چەمبىرىكى دائىرىسىگە بۆلۈپ بېرىلدى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ليۇ جىنتاڭنى پادىشاغا ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ ھەربى

شۇ يىلى، تەڭسى، ليۇجىنتاڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ‌غا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىدى. بۇ چاغدا ئۇ 19 ياشتا ئىدى.

1885 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 11 - يىلى) توخۇ يىلى

5 - ئايدا ليۇجىنتاڭ، كوي گۇاڭداۋلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شۇنىڭ ۋە مالىيە ئەلچىسى يامۇلىنى قۇردى.

شۇ يىلى، ليۇ جىنتاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچىدە «تەمىرات ئىدارىسى» تەسىس قىلىنىپ، مىتال تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

1886 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 12 - يىلى) ئىت يىلى

شۇ يىلى، ليۇجىنتاڭ ئۈرۈمچىدە باسمىخانا قۇردى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىنىڭ ئومۇمى ئاھالىسى 7342 تۈتۈن 38 مىڭ 944 ئادەمگە يەتتى. ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئېھتىياجغا ماسلىشىش ئۈچۈن، خەنزۇ ۋە مانجۇ قەلئەسى قوشۇۋېتىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇغى 52 · 11 چاقىرىم كېلىدۇ،

قەلئەنىڭ ئەسلىدىكى 4 دەرۋازىسى 7 گە كۆپەيتىلدى.

1887 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاگشۈي 13 - يىلى) تۇڭگۇز يىلى

شۇيىلى، ئۈرۈمچى خەلقى، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى «گۇەنخۇ» تەبىئى توختام سۇ كۆلچىگىنى

1883 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي

9 ـ يىلى) قوي يىلى

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى جاڭ شۈن، نوپۇس مەھكىمىسىنىڭ «شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي ئىككى يولى كەڭ كۆلەمدە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە جىددى ئېھتىياجلىق» دىگەن تەكلىۋىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا پائال تەييارلىق كۆردى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «دېشىڭ» سودا فىرمىسى تىجارەتكە كىرىشتى ھەمدە نەنلياڭدا يۇڭ يۈيۈش زاۋۇدى قۇرۇپ ئەرزان باھادا سېتىۋالغان قوي يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چەتئەلگە يۆتكەپ 1 مىليون 500 مىڭ رۇبلى پايدا ئالدى. كېيىنچە يۇڭ يۈيۈش زاۋۇدى «ياڭماۋخۇ» دەپ ئاتالدى.

1884 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي

10 ـ يىلى) مايمۇن يىلى

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدى، شۇنىڭ مەھكىمىسى ۋە مالىيە مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەربى ئىشلار نازارەتچىسى، ئۇڭ قانات سىلاڭ ليۇجىنتاڭنى شىنجاڭنىڭ شۇنىڭغا تەيىنلەپ، گەنسۇنىڭ مالىيە ئەلچىسى كۈي گۇاڭداۋنى شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەلچىلىكىگە يۆتكەپ كەلدى.

### 1892 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 18 ـ يىلى) بېلىق يىلى

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇغدائىلاھىۋە چوڭ ـ كىچىك بۇغداكۆلگە بېغىشلىما تاختىسى ئىنئام قىلدى. بۇغدا ئىلاھىغا ئاتالغان تاختىغا:

«ياغدۇرغاچ بۇتاغ تۆگمەس شەپقەت،
چېگراخەلقى چەكمەس ئازاپ ـ كۈلپەت.»

دەپ يېزىلغان. چوڭ ـ كىچىك بۇغدا كۆلگە ئاتالغان تاختىغا:

«سۇلىرىڭ كەبى ناۋات،
ياشىندى جىمى ھايات»

دەپ يېزىلغان.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە روسچە مەكتەپ ئېچىلدى.

### 1894 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 20 ـ يىلى) ئات يىلى

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تاۋمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن پوچتا ـ تېلېگىراف شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

### 1895 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 21 ـ يىلى) قوي يىلى

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، تاۋمۇ شەنشى ـ گەنسۇنىڭ زۇڭدۇلىغىغا تەيىنلەندى. شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەلچىسى روۋيىڭچى شىنجاڭنىڭ شۇنفۇلىغىغا ئۆستۈرۈلدى.

ئامباسەيلە قىلمىدىغان «جيەنخۇ» كۆلىگە ئۆزگەرتىپ ياسىدى.

1888 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 14 ـ يىلى) چاشقان يىلى

شۇيىلى، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا تەسىس قىلدى.

1889 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 15 ـ يىلى) كالا يىلى

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ليۇجىنتاڭ توققان يوقلاش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا قايتتى، شۇنىڭ ۋەزىپىسىنى مالىيە ئەلچىسى كوي گۇاڭداۋ ۋاكالىتەن ئۆتىدى.

1890 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 16 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

شۇيىلى، ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ «گۇاڭشۈي پۇلى» قىزىل مىس تەڭگە قۇيۇپ چىقاردى.

1891 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 17 ـ يىلى) توشقان يىلى

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەنشىنىڭ مالىيە ئەلچىسى تاۋمۇنى شىنجاڭنىڭ شۇنفۇلىغا تەيىنلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە بوغدا بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىندى.

1902 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 28 ـ

يىلى) يولۋاس يىلى

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، رووۋىيىگچى چىڭ ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ، ئۈرۈمچىدە ھەربى مەكتەپ ئېچىپ، يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدىكى تايانچلارنى تەربىيىلەشنى ئىلتىماس قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، رووۋىيىگچىنى ئەنخۇينىڭ شۇنفۇلىغىغا يۆتكەپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەلچىسى فەن- شۈۋسۈنى شىنجاڭنىڭ شۇنفۇلىغىغا ئۆستۈردى.

1903 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي

29 ـ يىلى) توشقان يىلى

ئۈرۈمچى «تەمرات ئىدارىسى» تەمرات شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ نېفىت، نېفىت مومى، سوپۇن ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق سانائەت، ھۈنەر ـ سەنئەت كارخانىلىرىنى ئاچتى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچىدىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا «پوچتا هارۋىسى» قاتنىدى.

شۇ يىلى، فەن شۈۋسۇ شىمگو مەنزىرە رايونىنى تەر- تىپكە سېلىپ رېمونت قىلدۇردى.

1905 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي

31 ـ يىلى) يىلان يىلى

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، فەن شۈۋسۇ خىيانەتچىلىك سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئەنخۇينىڭ ما- لىيە ئەلچىسى ليەن كۈي شىنجاڭنىڭ شۇنفۇلىغىغا

1896 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي
22 ـ يىلى) مايمۇن يىلى

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، روس تىلى مەكتىۋى ئوقۇتقۇچىسى ئەلانەتچە قازانلىقى ئۈچۈن، رۇسىيىچى خان ئوردىسىدىن مۇكاپاتلاشنى ئىلتىماس قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى رايونى چېكەتكە ۋە مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، رۇسىيىچى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى، ئەنگلىيىلىكلەر شاگخەيدە ئاچقان «خىرىستىيان دىنى باش جەمىيىتى» پوپ خۇنتارنى (خەنزۇچە ئىسمى خۇجىنجى) ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىدە «بەخت چېركوسى»نى ئاچتى.

1897 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي
23 ـ يىلى) توخۇ يىلى

شۇ يىلى ياڭخاڭ مېچىتى ياسالدى.

1901 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي
27 ـ يىلى) كالا يىلى

شۇ يىلى، يەرلىك دائىرىلەر ھەرقايسى چوڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ ئۆز دۇكىنىنىڭ پۇلىنى تارقىتىشنى تەستىقلىدى.

شۇ يىلى، خان ئوردىسىدىكى پادىشا جەمەتىدىن بولغان ئاقسۆڭەك، «جىنگوگۇڭ» زەيلەن ئۈرۈمچىگە سۈرگۈن قىلىندى.

1907 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 33 ـ يىلى) قوي يىلى

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مائارىپ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى ھەمدە ئالى بىلىم يۇرتى ئېچىلدى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىۋى ئېچىلىپ 70 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

شۇ يىلى، شىمگودا پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ۋە ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى سۇ تۈگمىنى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، مالىيە ئەلچىسى ۋاڭ شۇنەن ئۈرۈمچىدە دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

1908 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 34 ـ يىلى) مايمۇن يىلى

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىنجاڭ باج خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى سىياسى-قانۇن مەكتىۋىگە ئۆزگەرتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ھۈنەر ـ سەنئەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇردى.

شۇ يىلى، مالىيە ئەلچىسى ۋاڭ شۇنەن شىنجاڭ قەغەز پۇلىنى تارقاتتى ھەمدە چوڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ پۇلىنى چەكلىدى.

شۇ يىلى، شىنجاڭ پوچتىخانىسى تەسىس قىلىندى. ئەنگلىيىلىك پوچتا خادىمى بىردىسىن باشقۇرۇشقا

تـەيىنلەندى.

1906 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي

32 ـ يىلى) ئات يىلى

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بۇغدا بىلىم يۇرتى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ روس مەكتىۋى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گەنسۇدىكى پىڭلياڭ، چىڭياڭ، جىنچۈەن، شۇڭخۇا ناھىيىلىرىنىڭ داۋىيگى ۋاڭ شۇنەنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈپ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەلچىلىكىگە تەيىنلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ليەنكۈي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى تەشكىللەشنى ئىلتىماس قىلدى.

شۇ يىلى، چار روسىيىنىڭ داۋشېڭ بانكىسى ئۈرۈمچىدە تارماق بانكا ئاچتى.

شۇ يىلى، يەرلىك ئىدارىلار ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆگىتىش ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، ياغاچچىلىق، كۆنچىلىك، 5 خىل مېتال، ئاغامچا، كىگىز ـ گىلەم قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت سانائىتىنى ئۆگىتىشنى يولغا قويدى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى نېفىت شىركىتى تەسىس قىلىنىپ، يەرلىك ئۇسۇلدا نېفىت ئايرىشقا كىرىشتى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى دەرياسىغا «گۇڭنىڭ» كۆۋرۈكى (ھازىرقى چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپى) ياسالدى.

شۇ يىلى نەنگۈەندىكى شەنشى مېچىتى ياسالدى.

1910 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۆەنتۇڭ 2 - يىلى) ئىت يىلى

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى (يەنى «سەيلىباغ» ھازىرقى 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كونا ئورنى) قۇرۇلدى ھەمدە دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلىملىرىنى كېڭەيتىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئەمەلدارى تيەنشىنيەننىڭ خۇيداڭنىڭ ئەسكىرى جاڭ شىڭكۈينى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقەسى، ۋاڭ گاۋشىڭنىڭ ئوت قويۇش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «بىر ئەر يەڭ تۈرۈپ چىقسا، بارچە ئاۋاز قوشۇپتۇ» دېگەندەك، داشىزى ئەتراپىدىكى سودا دۇكانلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇنفۇسى يەنداخۇانى شىنجاڭنىڭ شۇنفۇلىقىغا يۆتكەپ كەلدى.

شۇ يىلى، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىندى.

1911 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۆەنتۇڭ 3-يىلى) تۇڭگۇز يىلى

4 - ئايدا، ئۈرۈمچى باش سودا ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ياڭ ۋېيشىن ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ياردەملەشتى.

شۇ يىلى، «لاۋسەننىڭ ساياھەتخاتىرىسى» دىگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى ليۇئې، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ چېڭخۇاكمياۋنىڭ ئىچىگە ماكانلىشىپ، دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىپ ۋە كېسەل داۋالاپ جاھاندارچىلىق قىلدى.

1909 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى) توخۇ يىلى

5 - ئاي، قەمەرىيە 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قىزىل تاغ ئىبادەتخانىسىدا ئېچىلغان يىغىندا يەرلىك دائىرىلەر ئەسكەر ئېلىش مەسىلىسىدە تىيەنجىنلىك سودىگەرلەرنى پىرىنسىپسىز قوغدىغانلىقى ئۈچۈن شەنشى - گەنسۇلۇق پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەر بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئىككى ئوتتۇرىدا توقۇنۇش يۈز بەردى، تىيەنجىنلىك سودىگەرلەردىن 7 - 8 ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ليەن كۈي ئۈرۈمچى رازۋېتكا مەكتىۋىنى تەسىس قىلدى. بۇ مەكتەپ چارلاش ۋە قوغداش خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە مەدىنى ئاقارتىش مەكتىۋى تەسىس قىلىندى ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدىن 1 نى، ئاددى سىفەن سىنىپىدىن 1 نى ئېچىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئوقۇش مۇددىتى بىر قىلىپ بەلگىلەندى.

غەلىبە قىلدى، خەلق قوشۇنى ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ يۈ-
رۈش قىلدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، يەن داخۇا ھەربى ئەمەلدا-
رى (شىتۇگى) ۋاڭ پىيلەننى ئاتلىق ۋە زەمبىرەكچى قو-
شۇندىن بولۇپ جەمئى 5 يىڭ ئەسكەرنى باشلاپ ئۈرۈمچى-
دىن چىقىپ ئىلى خەلق قوشۇنىنىڭشەرققە يۈرۈش يولىنى
توساشقا ئەۋەتتى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، بېيجىڭ پوچتا مىنىستىر-
لىگى يەن داخۇاغا تېلېگىراما يوللاپ، چىڭ سۇلالىسى
خاندانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى، جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ
قىلىشنى ئۇقتۇردى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، يەن داخۇا خىزمەتتىن ئىس-
تىپا بەردى ھەمدە ياڭ زىڭشىنغا سىياسى ۋەزىيەتنى كون-
تۇرۇل قىلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بارىكۆل،
ئۈرۈمچىنىڭ داۋىيىگى، قوشۇمچە سوت مەھكىمە باشلىقى
ياڭ زىڭشىننى شىنجاڭنىڭ دۇدۇلىقىغا تەيىنلىدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يەن داخۇا ئۈرۈمچىدىن ئاي-
رىلىپ شەرققە كەتتى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئىلى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمى-
تى ياڭ زىڭشىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ 11 ماددىلىق
بىتىم ئىمزالىدى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ

شۇ يىلى 97 سودا دۇكىنى ئۆيۇشمىغا ئەزا بولدى.

10 - ئايدا، گەنسۇنىڭ مائارىپ ئەلچىسى ياڭزىڭ-شىن ئاقسۇنىڭ داۋىيگىلىغىغا تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئىنقىلاپچى لىۇشەنجۈن ئۈرۈمچىگە كېلىپ قوراللىق قوزغىلاڭنى تەشكىللىدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يەن داخۇا ئىنقىلاپچىلار-نى تۇتقۇن قىلىش بۇيرۇغىنى چۈشۈردى. پۈتۈن شەھەردە قاتتىق تۇتقۇن قىلىش ئېلىپ بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، لىۇشەنجۈن ئۈرۈمچىدى-كى ئىنقىلاپچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ قوزغىدى. قوراللىق قوزغىلاڭ 30 - چىسلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-رىدى. ئىنقىلاپچىلاردىن 143 نەپىرى قۇربان بولدى. لىۇ شەنجۈنمۇ ھەققانىيەت يولىدا مەردانىلىق بىلەن قۇربان بولدى. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 29 ياشتا ئىدى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەر ئاچقان «دالى» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەتكە كىرىشتى.

شۇيىلى،شاڭخەيدىكى خىرىستىيان دىنىي باش جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ياش پوپ مىسسىر ئۈرۈمچىگە كېلىپ، «بەخت چېركاۋسى» دا ياۋروپاچە داۋالاش ئامبولاتورىيىسىنى ئاچتى.

1912 - يىلى (مىنگونىڭ 1 - يىلى) چاشقان يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىلى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋى

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، باركۆل ـ ئۈرۈمچىنىڭ داۋىنىدا جۇرۇيچىڭ ئەپيۈن ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ چارە كۆردى.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى 20 نەپەر كانددات ناھىيە ھاكىمىنى ۋەزىپىگە تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە لى چى (گۇاڭدۇڭلۇق، كېيىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان)، جاڭ شىڭ (خۇبېيلىق، كېيىن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان)، تاۋمىڭيۈ (جېجياڭلىق، كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولغان)لار بار.

شۇ يىلى، يەرلىك دائىرىلەر ئەسلىدىكى باسمىخانىنى ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىپ، «شىنجاڭ ئاخباراتى» نى نەشر قىلدى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى مەھكىمىسىنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتتى.

شۇ يىلى، ئەنگلىيىلىك سودىگەر ئاچقان «ئەنلى» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەتكە كىرىشتى.

1915 ـ يىلى (مىنگونىڭ 4 ـ يىلى) توشقان يىلى

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، يەرلىك دائىرىلەر ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قوشۇننى ئەۋەتىپ شىمالىي شەھەر ئەتراپىدىكى دېخانلارنىڭ ليۇداۋان سۇغۇرۇش ئۆستىڭىنى چېپىشقا ياردەم بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ

زىڭشىنغا 2 ـ دەرىجىلىك جىياخې مۇكاپاتى بەردى ھەمدە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى قورۇقلۇق ئارمىيە شاڭجياڭلىقىغا ئۆستۈردى.

1913 ـ يىلى (مىنگونىڭ 2 ـ يىلى) كالا يىلى

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئاممىۋى كۇتۇپخانىسى تەسىس قىلىندى. كۇتۇپخانىدا 1200 پارچە كىتاب ساقلانغان بولۇپ يىللىق راسخودى 800 يۈەن ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى باش سودا ئۇيۇشمىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، يى بىڭيۈەن ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئىش باشقۇرغۇچىلاردىن 12 ئادەم سايلاپ چىقىلدى. شۇ يىلى شەھەردىكى سودا دۇكانلارنىڭ سانى 1200 گە يەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ياڭ زىڭشىن قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى تۆرمۇر خەلىپىنى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئېلىپ كېلىپ يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يەرلىك دائىرىلەر ئەپيۇننى چەكلەش ھەققىدە ئومۇمى بۇيرۇق ئېلان قىلدى.

1914 ـ يىلى (مىنگونىڭ 3 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە ھاۋارايىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش ئورنى قۇرۇلدى.

4 ـ ئايدا، جىن شۇرېن گەنسۇدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ياڭ زىڭشىن ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

گىرامىسى ئەۋەتتى ھەمدە ياڭ زىڭشىن قەلەم ۋە ئەلەم
ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىدىكى «ۋەنشۇگۇڭ» سارىيى-
دا (ھازىرقى جەنگو يولىدىكى دۇڭ رۇيۇن ئىبادەتخانىسى)
تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.
1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، سەيئې يۈننەندە دۆلەتنى قوغ-
داپ، يۈەن شىكەيگەقارشى جازا يۈرۈشى قىلدى. ياڭ زىڭشىن
يۈەن شىكەيگە تېلېگىراممىا يوللاپ، يۈننەندىكى قوزغىلاڭنى
قارىلاپ،خانلىق تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ياڭ زىڭشىن ئومۇمى تېلېـ
گىراما يوللاپ، يۈننەندىكى دۆلەتنى ھىمايە قىلىپ، يۈەن
شىكەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش قوزغىلىڭىنى
ئەيىپلىدى.
1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى،ياڭ زىڭشىن گومىن يىغىنىنىڭ
28 ۋەكىلىنىڭ نامىنى سۈيئىستىمال قىلىپ، يۈەن شىكەيگە
يەنە بىر قېتىم تېلېگىراما يوللاپ «جۇڭخۇا ئىمپىرىيىسى»
خانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدا يۈەن شىكەيگە قارشى تۈركۈم - تۈركۈم-
لەپ جازا يۈرۈشى قىلىش باياناتلىرى ئېلان قىلىنغانلىق-
تىن، ياڭ زىڭشىن باشقىچە ھىلە - مىكىر قوللاندى.
تاۋۇز چاغىنى زىياپىتىدە ئۇ مۇھاپىزەت يىگىنىڭ يىگجا-
گى شادىڭ، ئىشپىيونلۇق يىگىنىڭ يىگجاگى لىيىنلارنى
ئۆلتۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن بەش خىل رەڭلىك دۆلەت باي-

ھاكىمى دۇۋەنپېي سەيىۋپۇدىكى دىخانلارغا 30 چاقىرىم سۇغۇ-
رۇش ئۆستەڭى ياساش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يۈەن شىكەي خانلىق تۈ-
زۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باياناتى ئېلان قىلدى. ياڭ زېڭ-
شىن بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە 15 بو-
لاق ئالتۇن سوغا قىلدى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىن-
غا 1 - دەرىجىلىك بەگلىك ئۇنۋانىنى بەردى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، تاڭ جياۋ قاتارلىقلار يۈن-
نەندە يۈەن شىكەينى ئەيىپلەپ بايانات ئېلان قىلدى ھەم-
دە قوراللىق ئارمىيىنىڭ خۇيزۇ ئوقۇغۇچىسى ماينىي يۈەن
شىكەينى ئەيىپلەشكە ئۈندەش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى.
ماينىي ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن يۈەن شى-
كەيگە تېلېگرامما يوللاپ «مىننەتدارلىقىنى» بىلدۈردى
ھەمدە تېزرەك تەختكە چىقىشقا ئۈندىدى.

1916 - يىلى (مىنگونىڭ 3 - يىلى) بېلىق يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يۈەن شىكەي بېيجىڭدا
تەختكە چىقىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى ھەمدە ئەس-
لىدىكى يىلنامىنى «خۇڭشيەن» يىلنامىسىغا ئۆزگەرتتى. شۇ
كۈنى ياڭ زېڭشىن ئىنىسى ياڭ زېڭبىڭنى قوتۇرۇتۇپ شىن-
جاڭدىكى موڭغۇل، ئۇيغۇر ھەر قايسى ۋاڭ، بەگلەرنىڭ نا-
مىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ يۈەن شىكەيگە تەبرىك تېلې-

سودىگەرلەر مەبلەغ توپلاپ ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن چىنچاڭ تىياتىرى ئۆمىكىنى ئاچتى.

1918 - يىلى (مىنگونىڭ 7 - يىلى) ئات يىلى

8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى جيەنخۇ كۆلى باغچىسى (هازىرقى خەلق باغچىسى) بىنا قىلىنىشقا باشلىدى.

1919 - يىلى (مىنگونىڭ 8 - يىلى) قوي يىلى

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئىگىلىك نازارىتىگە ئۈرۈمچى دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنى تەرتىپكە سېلىشنى تاپشۇردى ھەمدە شۇي جېڭبىننى مۇدىرلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، هۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى، ئىشچى - دېخانلار بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن قوشۇن ئەۋەتىپ ئالتاي ئالاھىدە رايونىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى.

6 - ئايدا، ئۈرۈمچى دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، ئۇلاباي دىكى 124 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇ بېسىپ كەتتى.

8 - ئايدا، جۇڭيې سىنىپى ئېچىلىپ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل، يىللىق راسخودى 17893 يۈەن ئىدى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتايدىكى تيەنجىنلىك سودىگەرلەر بىرلىشىپ خېيپىي باگزا تىياتىر ئۆمىكى

رىغىنى ئاستى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆز كۈنايىنى باشقىلارغا ئارتىپ، يۈەن شىكەينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنى خان دەپ جار ھىيالغانلىق جىنايى مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتىشقا ئۇرۇندى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، يۈەن شىكەي ئۆلۈپ، لى يەنخۇڭ تەختكە چىقتى. ياڭ زىڭشىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە تېلېگىرامما يوللاپ، لى يۈەنخۇڭنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ياڭ زىڭشىننى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى قوشۇمچە دۇجۈنلىككە تەيىنلىدى.

1917 ـ يىلى (مىنگونىڭ 6 ـ يىلى) يىلان يىلى

شۇ يىلى ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ سودىگەر ماجىڭيۈەن 10 مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ روسىيىدىن بىر تۈن تارتىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. ئۇ تۈن تارتىش ماشىنىسىنى «جەنخۇ» كۆلىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قۇراشتۇرۇپ كۈنىگە 5 مىڭ جىڭدىن تۈن تارتتى.

شۇ يىلى گېرمانىيىلىك سودىگەرلەر ئاچقان «شۇنفا» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچى نەنلياڭدا تىجارەتكە كىرىشىپ، يەرلىك قوزا تېرىسى ۋە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋاناتلار تېرىسىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ چەتئەلگە يۆتكەپ ساتتى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدىكى سەنشى، شەنشى، گەنسۇلۇق

رۇمچىدە تىرانسپورت تۆگىسىدىن جەمئىي 1400 بار ئىدى.

1922 - يىلى (مىنگونىڭ 11 - يىلى) ئىت يىلى

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى كازانسكىينى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، ئۆلكە مەركىزىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى، ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىنىڭ سەندۇڭبى ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقلارنى قاراشەھەرنىڭ موڭغۇل ۋاڭى مانجۇقجاپقا بۆلۈپ بەردى ھەمدە ئۇنى ئىدارە قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن «موڭغۇل مەسلىھەتچى»لىككە تەيىنلىدى.

1923 - يىلى(مىنگونىڭ 12 - يىلى)تۇڭگۇز يىلى

شۇ يىلى، جىيەنخۇ باغچىسى پۈتتى. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا تۇڭلې (ھەممەكۈڭۈل ئېچىش)باغچىسى دەپ نام بەردى.

شۇ يىلى، ئىگىلىك نازارىتى نەنمىنىڭ سىرتىدا ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى تېرە زاۋۇدى قۇردى. زاۋۇت 2 يىل تىجارەت قىلىپ زىيان تارتقانلىقتىن تاقالدى.

1924 - يىلى(مىنگونىڭ 13 - يىلى)چاشقان يىلى

6 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، غەربىي - شىمال ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسى قاتناش باشلىغان ھىنجاڭ چېگرىسىدىكى ئۈرۈمچى، شىخۇ،

«تيەن لىبەن»نى ئاچتى.

1920 ـ يىلى(مىنگونىڭ 9 ـ يىلى)مايمۇن يىلى

10 ـ ئايدا، بېيجىڭلىق دوختۇر ماتىرىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياۋروپاچە داۋالاش ئامبولاتورىيىسىنى ئاچتى. كۆپ ئۆتمەستىن چەتئەل ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قىسمى بىلەن تاقاشقا مەجبۇربولدى.

شۇ يىلى، فەنجىڭ كوچىسى (هازىرقى مىڭدې يولى) دا هۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى ئېلېكتىر شىركىتى قۇرۇلدى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەستىن زىيان تارتقانلىق سەۋەبى بىلەن تاقالدى.

شۇ يىلى، تاشيول ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. يەرلىك دائىرىلەر ئۈرۈمچى ــ چىتەي تاشيولىنى ياساش ئۈچۈن 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى سىمسىز رادىيو ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

1921 ـ يىلى (مىنگونىڭ 10 ـ يىلى) توخۇ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئىجتىمائى ياردەم بېرىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

9 ـ ئايدا، تيەنجىندىكى ياڭ ليۇچىڭنىڭ «تۇڭلوبەن» تىياتىر ئۆمىكىدىكى 32 نەپەر ئەرتىس ئۈرۈمچىگە كېلىپ «تيەن لىبەن» تىياتىر ئۆمىكىگە قاتناشتى.

شۇ يىلى، يەرلىك دائىرىلەر خۇسۇس ئىگىلىكىدىكى تۆگە ترانسپورتىنى تەشكىللىدى. ئۇ چاغدا ئۈ-

ساۋتاك» سارىيىدا ئۇنى قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن 5 خىل رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى 3 خىل رەڭلىك دۆلەت بايرىقىغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، رادىكاللاردىن گۇەنلياۋ فەن دىنەن سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە ئەزالىرى بىرلىكتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن جىن شۇرېننى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە جىن شۇرېننى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق ۋاكالىتەن ئۆتەپ تۇرۇشقا تەيىنلىدى.

شۇ يىلى كۈزدە، فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتى رەسمى ئىش باشلاپ، كۈنىگە 30 توپ ئاق خەسە، 200 جىڭ پاختا يىپ ئىشلەپ چىقاردى.

شۇ يىلى، يەرلىك دائىرىلەر «يەرلىك دورا ئىدارىسى»نى تەسىس قىلىپ پۇقرالاردىن كۆپ مىقداردا ئەپيۇن سېتىۋالدى.

ئىلى قاتارلىق 3 ئورۇنغا ئايرودورۇم ياسىدى.

1925 - يىلى (مىنگونىڭ 14 - يىلى) كالا يىلى

شۇ يىلى، فۇمىن پاختا توقۇمچىلىق شىركىتى جىيەنخۇ كۆلىنىڭ غەربىي تەرىپىدە (ھازىرقى شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇدى قوراسىنىڭ ئىچىدە) زاۋۇت قۇردى. بىر مىليون سەر كۈمۈش مەبلەغ سېلىپ، تيەنجىندىكى چەتئەلنىڭ «خەيجىك» سودا فىرمىسىدىن 3000 توقۇش ئىستانوكى سېتىۋېلىپ قۇراشتۇردى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە دەسلەپكى پوچتا بىناسى قۇرۇلدى.

1926 - يىلى (مىنگونىڭ 15 - يىلى) يولۋاس يىلى

شۇ يىلى، چەتئەلدىن 30 ئاپتوموبىل ئىمپورت قىلىنىپ، ئۈرۈمچى - چۆچەك تاشيول تىرانسپورتى ئېچىلدى.

1927 - يىلى (مىنگونىڭ 16 - يىلى) توشقان يىلى

شۇ يىلى، ئۈرۈمچى تېلېگىراف ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ 500 ۋاتلىق ئېلېكتىر ماشىنىسىدىن بىرسى قۇراشتۇرۇلدى.

شۇ يىلى، ئامېرىكىلىق سودىگەر ئاچقان «بىلى» سودا فىرمىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلىدى.

1928 - يىلى (مىنگونىڭ 17 - يىلى) بېلىق يىلى

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سىۋىنخودىن تارىخى، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلاش ئۈچۈن 2 - قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. ياڭ زېڭشىن جيەنخۇ كۆلىدىكى «يۆۋىي

یاۋروپا ـ ئاسیائاۋئاتسیه شىركىتى قۇرۇلدى ھەمدە ئۈـ
رۈمچى پونكتى قۇرۇلۇشقاباشلىدى.

5 ـ ئايدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ
دىۋىزىيە باشلىغى ماجۇڭيىڭ قوماندانلىغىدىكى قوشۇن
جۇچۇەندىن قومۇلغا كىرىپ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلدى.
ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن جىددىيلەشتى.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جۇمىينى بىلەن فرانسىيىلىك
پۇئەن باشچىلىغىدىكى «جۇڭگو ـ فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆـ
مىكى» ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلـ
كىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى
بىلەن تۈزگەن «شىنجاڭ ـ سوۋېت ۋاقىتلىق مال ئالماشتۇـ
رۇش كېلىشىمى»گە ئىمزا قويدى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، غەربىي ـ شىمال ئاۋئاتـ
سىيە شىركىتىنىڭ لى جىڭسۇڭ باشچىلىغىدىكى يولۇچىلار
ئايروپىلانى تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە قوندى.

شۇ يىلى، جىن شۇرېننىڭ ئوغلى جىن زودىڭ
باشچىلىغىدىكى «بەش چوڭ بەيۇەچچە» گېرماـ
نىيىگە بېرىپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن
ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى.

شۇ يىلى، جىن شۇرېن چەتئەلدىن ئاپتوموبىل سېتىـ
ۋېلىپ، ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىش
ئۈچۈن، 4 چوڭ نازارەتنىڭ نازىرى ۋە ھاللىق سودىگەر،

1929 ـ يىلى (مىنگونىڭ 18 ـ يىلى)يىلان يىلى

8 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنى، يەرلىك دائىرىلەر 14 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۈرۈمچىدىن سىرتقا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 نەپىرى گەنسۇ سودا ـ سانائەت مەكتىپىگە بېرىپ يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى، 4 نەپىرى جىلىندىكى ئاشخې شېكەر زاۋۇدىغا بېرىپ شېكەر ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى.

1930 ـ يىلى (مىنگونىڭ 19 ـ يىلى) ئات يىلى

4 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى تېلېفون ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ ھەر قايسى چوڭ ئورگانلارغا تېلېفوندىن 12سى ئورنىتىلدى.

5ـ ئايدا،شىن سۇي ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ1 ـ تۈركۈمدىكى تىرانسىپورت ئاپتوموبىللىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شاڭشاۋدەرىجىلىك مەسلىھەتچى مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى.

شۇيىلى، ئۈرۈمچىدە 250 ۋاتلىق قىسقا دولقۇنلۇق رادىيو ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، جىن شۇرېن «كونا تۈزۈملەرنى تەرتىپكە سېلىش»، «ۋاڭ، بەگلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ھۆكۈمەتكە قايتۇرۇۋېلىش» سىياستىنى يۈرگۈزدى.

شۇيىلي، ئۆلكىلىك بانكا تەسىس قىلىندى.

1931 ـ يىلى (مىنگونىڭ 20 ـ يىلى) قوي يىلى

5 ـ ئايدا، جۇڭگو ـ گېرمانىيە بىرلىشىپ قۇرغان

زىملىنىشىچە ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر - يېزا ئومۇمى نوپۇسى 31 مىڭ 80 تۈتۈن، 140 مىڭ 688 ئادەم.

1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) توخۇ يىلى

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن ماشىمىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىغا بېسىپ كىرىپ، ياۋموسەن تېغىنى ئىگەللەپ ئۈرۈمچىنى تورىقا تۇتتى. جىن شۇرېن ئۆلكە ئارمىيىسىنى قايتارما زەربە بېرىشكە چىقاردى. ئىككى تەرەپ چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق ئۇرۇشۇپ ئاخىرى ماشىمىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ماشىمىڭ ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان مۇساپىرلار شەھەر ئىچىگە ئېقىپ كىردى. ئۈرۈمچىدىكى ئىجتىمائى زاتلار خەيرىيەت جەمىيىتى قۇرۇپ، 4 ئورۇندا داش قازانلارنى ئورنىتىپ كۈنىگە 1400 ئەتراپىدىكى مۇساپىرلارغا ئۇماچ تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بىرىنچى تۈركۈمدىكى شەرقىي - شىمال ياپونغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي 40 مىڭ ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئايلىنىپ شىنجاڭغا كەلدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، «ئاتاقلىق 3 ئەزىمەت» چېن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۆلەر ئاق ئورۇسلارنىڭ روس ئارمىيىسىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، شەرقىي - شىمال پىدائىيلار قوشۇ-

جاپلارنى قەرز پۇل بېرىشكە مەجبۇرلاپ 1224 سەر ئالتۇن توپلىدى.

1932 ـ يىلى(مىنگونىڭ 21 ـ يىلى)مايمۇن يىلى

5 ـ ئايدا، خۇسۇس ئىگىلىكىدىكى دېيۇەن ئېلېكـتىر ئىشلىرى شىركىتى ئۈرۈمچىدە كىنو قويۇشقا باشلىدى.

7 ـ ئايدا، يەرلىك دائىرىلەر روسچە سىياسى-قانۇن مەكتىۋىدىن چەيخىنسېن، گويۇكلۇڭ قاتارلىق 4 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، بۇرهان شەئىدىنىڭ ھەمرالىقىدا گېرمانىيىگە سانائەتنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، يەرلىك دائىرىلەر 9 نەپەر ياشنى تاللاپ، نەنجىڭ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ موگغۇل، زاڭزۇ سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە رەسمى تەيىنلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئايروپىلان گۇرۇپپىسى مۇدىرى شىمىدىپ باشچىلىقىدا لىيوتىچىڭ لۇسى ھەيدىگەن «ياۋروپا ـ ئاسىيا ـ 5» يولۇچىلار ئايروپىلانى سىناق قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كەلدى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۈرۈمچىگە رەسمى قاتنىدى.

شۇ يىلى، نوپۇسنى تىزىملاش ئېلىپ بېرىلدى. تى-

گىراما ئېلان قىلىپ، شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدائىرىلىرىدىن ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا بەرگەن 1274 سەر ئالتۇننى سوراپ قايتۇرۇۋېلىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق نەنجىڭگە كەتتى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننىڭ «ئىستىپا بېرىشى»نى تەستىقلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىڭشىسەي، گۇڭ بېيچېڭنى ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى ياڭپوچىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالىشىپ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ماجۇڭيىڭ چىتەيدىن ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىڭشىسەي 4 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىري كۈچىنى باشلاپ شەرقىي يولغا بېرىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا يوشۇرۇن زەربە بەردى. زىنچۈەن ئۇرۇشىدا ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرپان، پىچان، توخسۇن تەرەپلەرگە چېكىندى.

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شىڭشىسەي ھەر ساھە ۋەكىللىرىنى چىتەيگە بېرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن تەنپەن قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن يەنىلا ئىككى تەرەپ بىرلىككە كېلەلمەي ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىڭشىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن «تەشۋىقات ۋە ھال سوراش ئەلچىسى» خۇاڭمۇسۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

نىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا سىياسى ئۆزگىرىش قىلىپ جىن شۇرېننى ھەيدەپ چىقاردى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن روس ئارمىيىسىنىڭ پولك كوماندىرى بابىنگورد قىپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش يىغىنى چاقىردى، يىغىندا مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسلىكىگە، شەرقىي - شىمال پىدائىلار قوشۇنىنىڭ جاڭلىڭى جىن رۇيچېڭ ۋاقىتلىق ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ليۇ ۋېنلۇڭ جىددى يىغىن چاقىردى، يىغىندا شېڭ شىسەي جىن رۇيچېڭنى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر قىلدى ھەمدە شېڭ شىسەينى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە «كۆرسەتتى».

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، شېڭ شىسەي ھەربى ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ھوقۇقتا تايىنىپ ئىلگىرىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينى رەسمى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، «شىنجاڭنى ئوڭشاش ئىرادىسى»نى بىلدۈردى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جىن شۇرېن چۆچەككە قېچىپ بېرىپ، تەختتىن چۈشكەنلىكى ھەققىدە ئومۇمى تېلې-

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، لوۋىنگەن، ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى جاڭياشاۋ، ليۇجىشەن، ياۋجىژپىڭلارغا ھەمرا بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شىڭشىسەي، ماجۇڭيىڭنىڭ 3 ۋەكىلىنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى،ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلدى. شىڭ شىسەي قوشۇننى باشلاپ مۇكۇپ تۇرۇپ زەربە بەردى، 17 ـ كۈنى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۈرۈمچىگە چېكىنىپ شۇ كۈنى كەچتە شەرقىي ـ شىمال ئارمىيىسىنىڭ جاڭلىڭگى جىن رۇيېچىڭ قاتارلىق 14 ئادەمنى قولغا ئالدى.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى لوۋىنگەن ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئايلىنىپ نەنجىڭگە قايتتى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي «ئۇچ قېتىم سىياسى ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلكە رەئىسى ليۇۋېنلۇڭنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى ھەمدە مالىيە نازىرى جۇرۇيچىرنى ئۆلكە رەئىسلىكىنى ۋاكالىتەن ئۆتەشكە كۆرسەتتى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى چېن دېلى، ياۋشۇڭ ئىككىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، سوۋېت ـ شىنجاڭ سودىسى ۋە باشقا تۈرلۈك ھەمكارلىشىدىغان ئىشلار ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىڭشىسەي «باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ يوشۇرۇن سۈيىقەست پىلانلىغان» دىگەن جىنايەت بىلەن «12 ـ ئاپرېل» ستياسى ئۆكرىشنى پىلانلىغۇچىلار چېن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۈ ئۈچىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، كېلىشتۈرۈشتىن ھىچقانداق نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، خۇاڭمۇسۇڭ «ياۋروپا ـ ئاسيا ـ 2» يولۇچىلار ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىن نەنجىڭگە قايتتى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، نەنجىن ھۆكۈمىتى ليۇۋېنلۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، شىڭشىسەينى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭپېييۈەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى قوشۇمچە يىغىدىن تۈزۈلگەن 8 ـ دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لوۋېنگەننى شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، لوۋېنگەننىڭ نازارەتچىلىكىدە، شىڭشىسەي، ليۇۋېنلۇڭلار رەسمى خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دائىرىلەرلى رۇڭ، ليۇبىڭ، شىڭشىچىلارنى لوۋېنگەنگە ھەمرا بولۇپ ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تۇرپانغا ئەۋەتتى.

غا بارغاندا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر مەمۇرى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

6 ـ ئايدا، «ئون چوڭ دوكتۇر» دەپ ئاتالغان، ياپونىيىدە ئوقۇپ كەلگەن شەرقىي ـ شىماللىق خې يۈيچۇ، لاڭ داۋخېڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كەلدى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ماجۇڭيىڭ ئۇلۇقچاتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ئاندرىسوۋ بىلەن كۆرۈشۈپ ماجۇڭيىڭنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. خې يۈيجۇ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقلىقىغا، لاڭ داۋخېڭ باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى لىيۇڭنى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

11 ـ ئايدا شىڭ شىسەي «9 تۈرلۈك ۋەزىپە»نى ئېلان قىلدى. شۇ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىدىغان 1 ـ قاراردىكى 98 ئوقۇغۇچى چەتئەلگە چىقتى.

شۇ يىلى ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 400 يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىنىپ، ئۆلكە ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ئېچىلدى.

1934 ـ يىلى (مىنگونىڭ 23ـ يىلى) ئۈت يىلى

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ماجۇڭيىڭ 10 مىڭدىن ئار-تۇق ئەسكىرىي كۈچىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 27 ـ كۈنى شەرقىي ـ شىمال ئارمىيىسىدىن 500 ئەسكەر قايتارمازەربەبېرىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ،ئۈرۈشتا مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. شەھەر دەرۋازىسى 46 كۈن تاقىلىپ قالدى. 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر چىقىرىپ مۇھاسىرىنى تارمار قىلدى. ماجۇڭيىڭ 3 ـ ئاينىڭ 7ـكۈنى كېچىدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى،شىڭشىسەي ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى بېكىتىنى پېچەتلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭدىن جە-نۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئايالـلار كېڭەشمىسـى قۇ-رۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسـى جۇرۇيىجىر ۋاپات بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي «8 ماددىلىـق خىتاپنامە»نى ئېلان قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلدى.

5 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. لېكىن شەھەر نوپۇسى 30 مىڭغا يەتمىگەنلىكتىن 37 ـ يىلـ

ۋاڭ شۇچىڭ (يۈي‌شۇسۇڭ) باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى.

7 ـ ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى، ھەربى ئەمەلدار دىڭ‌ۋىنىي ئۈرۈمچىگە كېلىپ«شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى»نى كۆزدىن كەچۈردى. شىڭ شىسەي دىڭ‌ۋىنىيگە «شىنجاڭ مەركەزدىن ئايرىلمايدۇ، كوممۇنىزىم يولىغا ماڭمايدۇ» دەپ كاپالەت بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيەكونسۇلخانىسى مەسلىھەتچى تىكمانىنى ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭ چېگرىسىغا كىرىپ سوداقىلىشى ۋە ئەپيۇن يۆتكەپ‌سېتىش‌مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشىشكەئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

7ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، شىنجاڭ‌دائىرىلىرى ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت كىتاپخانىسى تەسىس قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىغار كىتاپ ـ ژورناللارنى ئېلىپ كېلىپ ساتتى ھەمدەيېڭىدىن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى نەشر قىلدۇردى.

12 ـ ئايدا، شىنجاڭ دائىرىلىرى ئەسلىدىكى «3 چوڭ سىياسەت»نى،جاھانگىرلىككەقارشى‌تۇرۇش؛ شورالار ئىتتىپاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى)بىلەن دوست‌بولۇش؛ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ تېچلىقنى ساقلاش؛شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش؛ ھەممە مىللەت ھوقۇقتاباراۋەربولۇشتىن ئىبارەت «6 بۈيۈك سىياسەت» قىلىپ تولۇقلىدى.

12 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىنقىپ ئوقۇيدىغان 2 ـ قارادىكى 90 ئادەم چەتئەلگە چىقتى، شۇنىڭ بىلەن

شۇ يىلى، قاتناش مەكتىۋى ئېچىلىپ، بىرىنچى قا-
راردا 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

شۇ يىلى، ئوفىتسېرلار مەكتىۋى ئېچىلىپ، 1-قاراردا 300 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

شۇ يىلى، شىڭ شۈي ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنىڭ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كىرىشى مەنئى قىلىندى.

1935 - يىلى (مىنگو 24 - يىلى) تۇڭگۇز يىلى

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، روسچە سىياسى - قانۇن مەكتىۋى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىڭ شىسەي، لى رۇڭ ئىككىسىنىڭ نامىدا تەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمى تېلېگىرامما يوللاپ، «شىنجاڭ قىزىللىشىپ كەتتى» دېگەن قاراشلارغا رەددىيە بەردى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، «تىيانشان گېزىتى»نى ئۆزگەرتىپ 5 - ھەرپتە بەت تىزىپ باستى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

5 - ئايدا، ۋاڭ شۇچېڭ، ۋاڭ باۋچيەن، ۋەن شيەنتىڭ، جاڭ يىئو، مەنسۇر قاتارلىق 25 نەپەر كوممۇنىست ئارقا - ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، يەر ئاستى خىزمىتىگە قاتناشتى. شۇ ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما 1 - قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى،

قىلىشقانەن شىياڭچىڭ بىلەن دۇڭ پېيچىڭنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي بوغدا كىتاپخانىسى بىلەن شىنسۇي ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىش باشقارمىسىنى پېچەتلىدى.

1937 ـ يىلى (مىنگونىڭ 26 ـ يىلى) كالا يىلى

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يول ئارمىيە باش قوشۇنى شىڭشىڭشياغا كىردى. شۇ كۈنى، دېموكراتىك زات دۇجۇڭ يۈەن خەنكۇدىن ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇمچىگە كەلدى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، لى شەننيەن، چېڭ شىسەي ئۇرۇمچىدىن شىڭشىڭشياغا باردى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، چېن يۈن، تېڭ دەييۈەنلەر ئۇرۇمچىدىن شىڭشىڭشياغا باردى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول باش قوشۇنىنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر، جەڭچىلىرى ئۇرۇمچىگە كىردى.

7 ـ ئايدا، غەربىي يول باش قوشۇنى سىرتقا قارىتا ئىسمىنى «يېڭى ھەربى لاگىر» دەپ ئۆزگەرتىپ، ئاپتوموبىل، زەمبىرەكچى قىسىم، بىرونىۋىك، ئاۋىئاتسىيە ۋە تېلېگىراف قاتارلىق ئالاھىدە ئارمىيە تۈرلىرى بويىچە مەشق قىلىشقا باشلىدى.

9 ـ ئايدا، 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش

بىرۋاقىتتا ئوغۇل ـ قىز 12 نەپەر ياشنى تاللاپ تاشكەنتكە بىرىپ مىدىتسىنانى ئۆگىنىشكە، 15 نەپەر ھەرمىللەت ياشنى تاللاپ ئۆزبېكىستان ۋە سەمەرقەنتكە بېرىپ مال دوختۇرلۇق، دېخانچىلىق ـ ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

شۇيىلى، دارىلمۇئەللىمىندە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل 3 سىنىپ كۆپەيتىپ ئېچىلدى.

شۇيىلى، ئاپتوموبىل مەكتىۋى قۇرۇلۇپ، 300 نەپەر رېمونت ئىشچىسى تەربىيىلەندى.

شۇيىلى، شىنجاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بىرلەشمىسى ئۇرۇمچىدە قۇرۇلۇپ، كېيىنچە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

1936 ـ يىلى (مىنگونىڭ 25 ـ يىلى) چاشقان يىلى

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، «تىيانشان گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلدى.

5 ـ ئايدا، چېن يۈن، تېڭ دەييۈەن، فېڭ شۈەن قاتارلىق يولداشلار جۇڭگو ئىشچى ـ دېخان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يول باش قوشۇنىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

8 ـ ئايدا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قازاق، قىرغىزۋەكىللەر يىغىنى ئۇرۇمچىدە ئېچىلدى.

11 ـ ئايدا، جاڭ شۆلياڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىغا ئاۋازقوشۇش ئۈچۈن، شىڭ شىسەيگە نەسىھەت

لومېتىر كېلىدۇ.

8 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي موسكۋاغا باردى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، دۇجۇگيۈەن، ساكۇگلياۋ بىلەن چېن جىيىگغا ھەمرا بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن دۇجۇگيۈەن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يۈەنجاڭلىقىغا، ساكۇگلياۋ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. چېن جىيىڭ چۇڭچىڭغا قايتىپ «شىنجاڭغا نەزەر» دېگەن كىتابنى يازدى.

10ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئاممىۋى مائارىپ سارىيى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە قىشلىق ئاممىۋى، ئۆگىنىش پائالىيىتى قاناتيايدۇرۇلدى.

1939 ـ يىلى(مىنگونىڭ 28 ـ يىلى)توشقان يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا، شىنجاڭ سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، مالىيە نازىرى جۇبىن (ماۋزېمىن) قوشۇمچە بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ)، ماركسىزىم نەزەرىيىسى خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىم جاڭ جۇڭشى ئۈرۈمچىگە كەلدى.

بىجىرىش ئورنى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىندى، دىڭ فا موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، چېن يۈننىڭ ئورنىغا پارتىيە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

10 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارىدىغان 3 ـ قاراردىكى 80 ئادەم چەتئەلگە چىقتى.

10 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي، 1 ـ قېتىملىق «توپىلاڭ قىلىشنى قەستلەش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى.

11 ـ ئايدا، شۇ يىلى 11 ـ ئايدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ تەلىۋى بويىچە ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە ياردەملىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئارقا ـ ئارقىدىن كادىر ئەۋەتتى.

1938 ـ يىلى(مىنگونىڭ 27 ـ يىلى) يولۋاس يىلى

1 ـ ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما 2 ـ قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. كومپارتىيە ئەزاسى خۇاڭ مىنفۇ (خۇاڭ خوچىڭ) باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، قورغاس ـ ئۈرۈمچى ـ شىڭشىڭشيا خەلقارا تاشيولىنىڭ پۈتۈن لىنىيىسىدە قاتناش باشلاندى. بۇ تاشيولىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 1859 كـ

قارشى ئۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان چوڭ تىپتىكى خۇاجۇي تىياتىرى «كۈرەش»نى ئوينىاپ چىقتى.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئىئانە قىلغان «شىنجاڭ نامىلىق» ئون كۈرەش ئايروپىلانى ئۈرۈمچىدىن ۋۇخەننى مۇداپىئە قىلىش ئالدىنقى سېپىگە قاراپ ئۇچتى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، جۇئېنلەي،رېن بىيشى، دېڭ يىڭچاۋلارنىڭ ھەمرالىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش سەپىرى ئۈستىدە ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ،شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى.

11 ـ ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قاناتيايدۇردى. ئۈرۈمچىدە ئىئانە توپلاش پونكىتى تەسىس قىلىندى. ھەرمىللەت خەلقى قىزغىنلىق بىلەن ئىئانە بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىيەت ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ شىنجاڭ تارماق جەمىيىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. 300 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرى جەمىيەتكە قاتناشتى. ماۋدۇن جەمىيەتنىڭ باش-

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، شىڭ يەنبىڭ ۋېيىيۈەنجاڭلىققا، جاڭ جۇڭشى مۇئاۋىن ۋېيىيۈەنجاڭلىققا تەيىنلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ماۋدۇن شىنجاڭ گېزىتىدە، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى بىرىنچى ماقالىسى«شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا نەزەر»نى ئېلان قىلدى.

5 ـ ئايدا، خۇاڭ مىنفۇنىڭ ۋەزىپىسىنى يۆتكەپ، ئاقسۇ مەمۇرى مەھكىمىنىڭ باشلىقلىقىغا، كومپارتىيە ئەزاسى ۋاڭ باۋچيەننى (جاۋشى) قوشۇمچە جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پۇل چىقىرىشنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەسلىدىكى «سەر» بىرلىك قىلىنغان كونا پۇلنى ئەتكەس قىلىپ، «سوم» بىرلىك قىلىنغان يېڭى پۇلنى تارقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يازلىق كانىكولدىكى ئىلىغا ساياھەتكە بېرىش ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، يېڭىدىن ياسالغان چوڭ كۆۋرۈك پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدا ئىلغار كىنو خىزمەتچىلىرىدىن جاۋدەن، شۈيتاۋ، جۇجىنىڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ياپونغا

ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەردىكى ياشلار، ئوقۇ-
غۇچىلار ۋە ئورگان خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ئىنتايىن
قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. ئۇلار توپ - توپ بولۇپ
يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى
قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.
3 - ئايدا، «قۇرۇلۇش زايومى» تارقىتىلدى. يىل
ئاخىرىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى
خەلقنىڭ زايوم سېتىۋېلىش مىقدارى شىنجاڭ پۇلىغا 6
مىليون 655 مىڭ 344 يۈەنگە يەتتى.
6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۈرۈمچى جۇگيى تەتقىقات
جەمئىيىتى قۇرۇلدى.
شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى ئالى - ئوتتۇرا
مەكتەپلەر ياپونغا قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىش
مەزمۇن قىلىنغان چوڭ تىپتىكى خۇاجۇي تىياتىرلىرىنى
ئاكتىپ ئويناپ چىقتى. شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى «جىن -
ئالۋاستىلار ئۇۋىسى»، قىزلار دارىلفۇنۇنى «چۈيۈن ناملىق
بايراقچى پاراخوت»، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ «تەيپىڭ تيەنگو»،
ھەرقايسى مەكتەپلەر بىرلىشىپ «ئوتاقچى» دىگەن خۇاجۇي
تىياتىرلىرىنى ئويناپ چىقتى.
1942 - يىلى (مىنگونىڭ 31 - يىلى) ئات يىلى
3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭ ماشىنىلاشقان
لۈينىڭ لۈيجاڭى، شىڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى شىڭ شىچى
ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ جايى - جەنۇبىي باغچىدا باشقىلار تەرىپى-

لىقلىغىغا سايلاندى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت خەلق ئا-ۋىئاتسىيىسىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانى ئالمۇتا — ئۈرۈمچى — چۇگۇچەك لىنىيىسىدە رەسمى قاتناشقا باشلىدى.

شۇ يىلى، باش قوماندان جۇدې سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنئەنگە قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىنى بېسىپ ئۆتتى.

1940 - يىلى (مىنگونىڭ 29 - يىلى) بېلىق يىلى

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشىلار ئۈ-رۈمچىدىن ئايرىلىپ شىئەن ئارقىلىق يەنئەنگە كەتتى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىڭ شىسەي 1700 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى.

8-ئايدا، ماۋزېمىننىڭ خىزمىتىنى يۆتكەپ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچىدە دورىگەرلىك تېز پۈتتۈرۈش مەكتىۋى ئېچىلىپ، 1 - قاراردا 41 نەپەر، 2 - قاراردا 52 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى.

10 - ئايدا، ماۋزېمىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن رايون، يېزا كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. يېزائەمەلدارى تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، دېموكراتىك رايون، يېزا مەھكىمىلىرى قۇرۇلدى.

1941 - يىلى (مىنگونىڭ 30 - يىلى) يىلان يىلى

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يۈز بەرگەن «ۋەننەن ۋەقەسى» خەۋىرىنى

ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان 100 دىن ئارتۇق كومپارتىيە ئەزاسىنى ئۈرۈمچىگە يىغىپ نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى.

1943 - يىلى (مىنگونىڭ 32 - يىلى) قوي يىلى

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، گومىنداڭ شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن 1 - تۈركۈمدىكى خادىملار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شېڭ شىسەي مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە نەزەربەنت قىلىنغان 100 دىن ئارتۇق كومپارتىيە ئەزاسى تۈركۈمگە بۆلۈپ تۈرمىگە سولاندى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۈرۈشلۈق تاشقى ئىشلار، تەپتىش قاتارلىق ئورگانلىرى رەسمى قۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، قۇمۇلدىن چېكىنىپ چىققان «قىزىل 8 - تۈەن» ئۈرۈمچىدىن ئۆتۈپ غەرپكە يۈرۈپ كەتتى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىسلىرى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى.

دىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. شىڭشىسەي بۇۋەقەنى باناقىلىپ ئاتالمىش «12 ـ ئاپرېل توپىلاڭ قىلىشنى پىلانلاش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەر ساھەدىكى ئىلغار زاتلارنى تۇتقۇن قىلىشنى پىلانلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىڭشىسەي جياڭجيېشىغا مەخپىي مەكتۇپ يوللاپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈردى.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى،جياڭجيېشىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، گومىنداڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭ لەنجۇدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى. شىڭشىسەي ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. جۇشاۋلياڭ، شىڭشىسەينىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جۇشاۋلياڭ 2 ـ قېتىم ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كېلىپ، جياڭجيېشىنىڭ شىڭشىسەيگە بولغان «مېھرىۋانلىغى»نى يەتكۈزدى. شىڭشىسەي جياڭجيېشىغا يەنە بىر قېتىم مەكتۇپ يوللاپ «مىننەتدارلىغى ۋە ئىتائەتمەنلىكى»نى بىلدۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، جۇشاۋلياڭ، سۇڭمېيلىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەرباپلىرى گوجۇتۇڭ، لياڭخەنساۋ قاتارلىقلارغا ھەمرا بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. شىڭشىسەي ئائىلىبىلەن ئايرودرومغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شىڭشىسەي شىنجاڭنىڭ

قىلىشقا مەجبۇرلىندى. نەق مەيداندىلا 150 ئادەمنىڭ ئىسمـنى ئاتاپ قولغا ئالدى. بۇ ئىشتىن كېيىن داۋاملىق تۇردە 1300 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكـۈمىتى شىڭ شىسەينى قورچاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېخانچىلىق، ئورمانـچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەپ، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنى تـارقىتىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. موڭغۇل، زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇجۇڭـشىننى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ چۇڭچىڭغا يۆرۈپ كەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنـى، «شىنجاڭ گېزىـتى» شىڭ شىسەينىڭ «پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەربى ـ خـەلق قېرىنداشـلارغا مۇراجەت» نامىسىنى ئېلان قىلىپ، مـۇراجەتنامىسىدا «6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ سەنمېنجۇيى ئېقىمىغا كىرگەنلىكىنى» ئاشكارا جاكالىدى.

10 ـ ئـاينىـڭ 1 ـ كـۈنى، 3 ۋىـلايـەت ئىنقىلاۋى پارتـلىـدى. زور تـۈركـۈمـدىكـى گـومىنـداڭ قـوشۇنـى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ۋۇجۇڭشىن ئۈرۈمچىگە يېـتىپ كېلىپ ئۆلكىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە شىڭ شىسەي تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە سولىغان كومـپارتىيە ئەزاسى بولمىغان 700 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشقىـ

6 ـ ئايدا، گومىنداڭنىڭ ھەربى قانۇننى ئىجرا قىلىش باش تەپتىش مەھكىمىسى ئەۋەتكەن«شىنجاڭدا يىغىلىپ قالغان ئالاھىدە جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى ئېنىقلاش سوت كوللىگىيىسى» ئۈرۈمچىگە كەلدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلار تۈرمىدە مەخپى ئۆلتۈرۈلدى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ تارماق ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

1944 ـ يىلى(مىنگونىڭ 33 ـ يىلى)مايمۇن يىلى

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىشەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى،شىڭشىسەي«11 ـ ئاۋغۇست سۈيىقەستلىك ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەۋاتقان گومىنداڭنىڭ 720 نەپەر خادىمىنى تۇتقۇن قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋاللېس سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىككى كۈن تۇرۇپ سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 20 ـ كۈنى چۇڭچىڭغا يولۇپ كەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي ھەر قايسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسىغا يىغىۋېلىپ، «توپىلاڭغا قاتناشقان»لىقىنى ئىقرار

نەزەربەنت قىلىنغان شې لياڭ، خۇ زىمىڭ، لويۈنجاڭ، شې جاڭلياڭ، لوزۇگۇاڭ قاتارلىق 5 نەپەر مەجرۇھبولغان كومپارتىيە ئەزاسى تۈرمىدىن ئۈرۈمچى ئىجتىمائى قۇتقۇزۇش ئورنىغا يۆتكەپ كېلىندى. ئۇلار يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرنى قاناتيايدۇردى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ نەنجىڭگە قايتتى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جاڭ جىژجوڭ، شىڭ شىسەي ساقلاپ كەلگەن 40 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئەپيۇننى ئۈرۈمچى مەيدانىدا كۆيدۈرۈۋەتتى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى كېلىشىم ئىمزالىدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، 4 يىل قاماپ قويۇلغان 131 نەپەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى قويۇپ بېرىلدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ، يەنئەنگە غەلىبىلىك يېتىپ باردى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، يۈيۇرىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى كومتېتىنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشىغا نازارەت قىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى رەسمى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى،

لارنىڭ كىيىنلىككە ئېلىشى بىلەن قويۇپ بەردى.
11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى «شىنجاڭ كوممۇنىزىمنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» (يەنى «كۈرەش تەشكىلاتى») ئۈرۈمچىدە مەخپى قۇرۇلدى.
12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ كوممۇنىزىمنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ قول يازما ژورنىلى «بىلىقچى قۇش» چىقىرىلدى.
1945 - يىلى (مىنگونىڭ 34 - يىلى) توخۇ يىلى
3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئاياللار كېڭەشمىسى ئاياللار جەمىيىتىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى.
4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جاڭ جىژجۇڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆردى.
10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئەخمەتجان قاسىم، ئابباسوپلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جاڭ جىژجۇڭ قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى.
12 - ئايدا، ئۈرۈمچىدىن — قۇمۇل — گەنسۇغىچە پوچتا ئۇلاپ توشۇش نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى قاتنىدى.
1946 - يىلى (مىنگونىڭ 35 - يىلى) ئىت يىلى
3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن

رايونلۇق كومىتېتلا قىلىپ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىڭ- جۇڭنىڭ شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ رە- ئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشىنى تەستىقلىدى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەس- ئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇ- رۇمچىدە مەسئۇتقا قارشى نۇرغۇنلىغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرى كۆرۈلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆ- تىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «دىخۇا كىنوخانىسى» نىڭ سىرىق فىلىم- لەرنى قويغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قوراللىق ئىش- پىيونلارنىڭ ئوق چىقىرىپ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. نەق مەيداندىلا بىرسى ئۆلدى، بىرسى ئېغىر يارىلاندى. 10 نەچچىسى قولغا ئېلىندى. بۇ ۋەقە پۈتۈن شەھەردىكى ئالى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغى- دى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەركىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئۆلگۈچى ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بې- رىشكە مەجبۇر قىلدى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى- لىرى دەپنە قىلىش نامايىشى ئۆتكۈزدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەش- كىلاتى «ئاۋانگارتلار تەشكىلاتى» مەخپىي قۇرۇلدى ھەمدە يەر ئاستى ژورنىلى «ئاۋانگارت» نى تارقاتتى.

جـاڭجىڭجۇڭ رەئىسلىككە، ئەخمەتجان ئەپەندى، بۇرھـان شەئىدۇللەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. چوي ۋۇ ئۈرۈمچـ نىڭ شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، كۆپ يىل تاقىلىپ قالغان جۇڭگو ـ سوۋېت مەدىنىيەت جەمىيىتى ئۈرۈمچىدە پائالـ يىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1947 ـ يىلى (مىنگونىڭ 36 ـ يىلى) تۇڭگۇز يىلى

2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، دۆڭبېۋۇئەۋەتكەن جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ئالاقىچىسى پېڭگوئەن يولداش ئـابباسوپ بىلەن بىرلىكتە نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، يـەرئاستى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. 3 ۋىلايـەتـ نىڭ «دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى»، ئۈرۈمـچىدىكى «كوممونىزىمنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» بىلەن بىرـ لىشىپ «شىنجـاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى»نى قۇردى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قـارشى «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدا، شىنجاڭ دېموكراتىك بىرـ لەشمە ھۆكۈمىتىگە قاتناشقان 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمـ چىدىن چېكىنىپ ئىلىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. «شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي پـارتىيىسى»نىڭ باش ئىشتاۋىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىلىغا يۆتكەلـدى. ئۈرۈمچىدە پەقـەت

چىگە قايتىپ كېلىپ، تاۋسىيۇ، بۇرھانلارغا جاڭ جىجۇڭ-نىڭ ۋەزىيەتكە قارىتا كۆزقارىشىنى يەتكۈزدى.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، جاڭ جىجۇڭ سوۋيۇەن رادىيو ئىستانسىسى ئارقىلىق تاۋسىيۇ، لىيۇمىڭچۇنلەرگە ئىككى قېتىم تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىش مەقسىدىنى بىلدۈردى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يەرئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى پۈتۈن شەھەردىكى سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەرنى تەشكىللەپ قورچاق ھۆكۈمەت پۇلى (جىن يۈەن جۈەن)نى ئىشلىتىشكە قارشىلىق بىلدۈردى. شۇ كۈنى 1500-دىن ئارتۇق ئادەم قورچاق مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق بانكىسىنى قورشىۋېلىپ، نەق پۇلغا تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى، قورچاق مەركىزىي بانكا تىجارەت توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

8 -ئاينىڭ 26 - كۈنى لەنجۇ ئازات بولدى. يەرئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى، لەنجۇنىڭ ئازات قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كېچىلەپ بېسىپ، پۈتۈن شەھەرگە تارقاتتى.

8 -ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈرۈمچى يەرئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى تەكلىپكە بىنائەن لوجىڭقاتارلىق نەچچە ئادەمنى بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. بىراق ئۇلار يول ئۇستىدە ئايروپىلان ۋەقەسىگە يولۇقۇپ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان-

1948 ـ يىلى(مىنگونىڭ 37 ـ يىلى)چاشقان يىلى

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، تاۋسيۇ لەنجۇدىن ئۈرۈمـچىگە كېلىپ، شىنجاڭ جېڭبېي سىلىڭبۇسىنىڭ باش قومانـدانلىق ۋەزىپىسىگە قايتىدىن تەيىنلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى يەنئەننى قايتۇرۇۋالدى. «كۈرەش تەشكىلاتى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «سودا ـ سانائەت سىياسىتى» نى مەخپىي بېسىپ تارقاتتى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتىنىڭ كۈرەش ھەپتىلىك ژورنىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشقا باشلىدى.

1949 ـ يىلى (مىنگونىڭ 38 ـ يىلى) كالا يىلى

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. بۇرھان شەھىدى رەئىسلىككە تەيىنلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جاڭ جىژجۇڭ، چۈي ۋۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن تىنچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈپ «مەملىكەت ئىچى تىنچلىق كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، چۈيۋۇ نەنجىڭگە قايتىپ دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ليۇمىڭچۈن بىلەن بىرگە ئۈرۈمـ

ماندان جۇدېلارتېلېگىراممائەۋەتىپ،شىنجاڭ ھەربى - مەمۇرى دائىرىلىرىنىڭ تېچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىغىنى تەبرىكلىدى.

10 - ئايىنىڭ 3 - كۈنى، ئۆمەك باشلىغى چۇي ۋۇ باشچىلىغىدىكى «شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ۋە ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش ۋەكىللەر ئۆمىكى» ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ 5 - كۈنى جۇچۈەنگە يېتىپ بېرىپ، پېڭ دېخۇەي قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قىزغىن قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

10 - ئايىنىڭ 20 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ ئاپتوموبىلى 5 - تۈەنى ئۈرۈمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە شۇ كۈنى كەچلىكى شەھەر مۇداپىئەسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

10 - ئايىنىڭ 24 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 6 - ئارمىيە 17 - دېۋىزىيىسى ھاۋا يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى.

10 - ئايىنىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسى ۋە گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇن ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئۇچراشتى ھەمدە داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىغى ۋە شىنجاڭنىڭ

لىقتىن، ئارقىدىن تۇجىژنى ئەۋەتتى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جۇڭگوكوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش دىڭ لىچۇننى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىلىغا، ئاندىن ئۈرۈمچىگە بېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، تاۋسىيۇ سابىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىدىكى دېۋىزىيىدىن يۇقۇرى ھەربى ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسىنى غۇل - غۇلا قىلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، سابىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمەن ھەربى - مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشىلىق قىلىپ، ئۈرۈمچىدىن سىرتقا قاچتى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سابىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى ئومۇمى تېلېگىراممىا يوللاپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىغىنى ئېلان قىلدى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى ئومۇمى تېلېگىراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىغىنى ئېلان قىلدى ھەمدە شۇ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قو-

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

(3)

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى تۈزگەن
«1 - ئاۋغۇست» باسمىخانىسىدا بېسىلدى
تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ئەمەت
1985 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

تېچ يول بىلەن ئازات قىلىنغانلىقىنى تەنتەنە قىلدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قوماندان ۋاڭجېن ئۈرۈمچى-گە كەلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىندى.

**乌鲁木齐文史资料**
维文第三辑

中国人民政治协商会议乌鲁木齐市委员会
文史资料研究委员会编
翻译：吐尔逊·艾买提
七二二〇工厂印刷

1985年10月